شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال

2011
3

BULAK



# بۇلاق

ISSN 1005-0876
06>

源泉 (布拉克) • BULAK

www.uyghurkitap.com

# ئاتاقلىق رەسسام
# تۆردى ئىمىنىنىڭ
# جۇڭگوچە رەسىملىرىدىن



قەشقەر بازىرى




تۇققان يوقلاش




كوپ بازىرى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق



33 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 138 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



ئولوغ شائر علیشیر نوائی توغولغانلیقینینگ 570 ییللیقی مناسبتی بیلن

1441 — 2011

دیدیم ای صنم محبت باده‌سیدین مست
بزنی اول شوخ جرعه‌سی بیلا آیاغ ماکوب

وصل غا یتمجون یوق نهایت هجر و فراق
بس وفا ایلین قیلدین سو ماکوب

هیچ لذت اولماس ایردی عاشق امیدین
انجا معشوق غا ... ماکوب

ایلکیدا چون اشتی شیدای رندی ...
ایلابان ایرم ... ماکوب

... حالت ... ینا ... آلغوب
... یکا بعضی ... آلغوب

... دین ... ایلب آلغوب

... هجر ... آلغوب

... جان ...
... آلغوب

توت گدایغ نی نوائی مغتنم
شاه لار آیدا باشی ایدو ماکوب

# بۇلاق

2011 - يىللىق 3 - سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت


# بۇ ساندا


## ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

مەكارىمۇل - ئەخلاق ............ خاندەمىر (5)

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەتتۇرسۇن سىدىق

دىۋانى ھەيرەتى ............ ھەيرەتى (25)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىن تۇمۇر

## بىزنىڭ ۋەسىقىلىرىمىز

كونا ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن ............ (41)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قەدىردىن نۇرئەخمەت

نىكاھتىن ئاجراشقانلىق ھەققىدىكى بىر پارچە ۋەسىقە ............ مەرھابا سىلىم (44)

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى رۇبائىيلار ۋە ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى توغرىسىدا ............ رەناگۈل ئابدۇللا (46)

«فەرھاد - شىرىن» سۈژىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ............ ماھنۇر يۇنۇس (55)

ئىلىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق ۋە ئىلى ناخشىلىرى ........ ھاشىرجان ئىمىن (62)
قەلەندەرلەر سىلسىلەسى ........ تۇرسۇن قۇربان تۇركەش (67)
فۇرقەت ۋە زەۋقىينىڭ شېئىرىي مەكتۇپلىرى ھەققىدە ........ شەھلا كەرىموۋا (91)

## مەشھۇر شەخسلەر

ئىبنى سىنانىڭ ياۋروپا پەلسەپىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ........ ئىسمائىل ياقىت (95)
ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى: يۇسۇپجان ياسىن

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

مۇقبىل تاش ئاتار (چۆچەك) ........ توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر (105)
ياماقچى ئۇستام (چۆچەك) ........ توپلاپ رەتلىگۈچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان (110)

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: **يارىشىش** (رەسسام: مەھمۇد فەرشچىيان)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: **مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت**

مەسئۇل كوررېكتورى: **گۈلشەھەر نېغمەت**

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **مەمەت نەۋبەت**

خەتتاتلار: **قۇربانجان شەيدائىي، مەمەت نەۋبەت**

**تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 2827971**
**ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى:** bulak@yahoo . cn
**تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 2827472**

خاندەمىر

# مەكارىمۇل - ئەخلاق

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتتۇرسۇن سىدىق

## مۇقەددىمە

... ئۆتكۈر كۆز ئېگىلىرىنىڭ ھوزۇرىدا مەخپىي ۋە يوشۇرۇن قالمىسۇنكى، شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇق ئاسمانىنىڭ قۇياشى، دۇنيا ئۇلۇغلىرىنىڭ پېشۋاسى، ياخشى خۇلقلار مەنبەسى... ئىلىم ۋە ئېرپان ئېگىلىرىنىڭ نامايەندىسى، ھەقىقەت ۋە ئىشەنچ ئەھلىلىرىنىڭ قىبلىسى، خاقان دۆلىتىنىڭ تايانچىسى ۋە ھەزرىتى سۇلتان (ھۇسەيىن بايقارا)نىڭ يېقىنى، ئالىي ھەزرىتى ئەمىر ئەلىشىرنىڭ... ئۆزلۈكسىز مېھرىبانلىقلىرى شولىسى، ئىلتىپات ۋە غەمخورلۇقلىرى ئاپتاپى «خاندەمىر» دەپ شۆھرەت قازانغان بۇ پېقىر بەندە ۋە كەمىنە غىياسىددىن ئىبنى ھۇماموددىننىڭ بېشىغا توپلاندى، بەلكى ۋۇجۇد نىھالى ياشلىقىدىن تاكى يېگىتلىك دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇ ھەزرەتنىڭ لۇتفى - ئېھسان ئېرىقلىرى بويىدا ياشناپ ئۆستى. «نېمەت بەرگۈچىگە شۈكرانە ئېيتماق لازىم» دېگەن سۆز تەقەززاسى بويىچە ھەر دائىم ئۇنىڭ بەرگەن چەكسىز نېمەتلىرىنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن «قانداق خىزمەتكە بەل باغلىسام بولاركىن؟» دېگەن پىكىر كۆڭلۈمدىن ئايلىنىپ، خاتىرەمدىن كېچىپ تۇراتتى.

ئاخىر، يول كۆرسەتكۈچى ئەقىل جان قۇلاقىغا ئېيتتىكى، ھەممىلا جەھەتتىن خەير - ئېھسان ئىگىسى بولمىش بۇ ئادىل ئەمىرنىڭ ياخشىلىقلىرى، زىكرى ۋە تەۋسىپىنىڭ ساداسى دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپىگە يېيىلغان ۋە ئادەم باللىرى ئارىسىدا تىلدىن - تىلغا ئۆتۈپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن، چېھرىلىرىدىن ئۇلۇغلۇق ۋە يۈكسەكلىك نۇرلىرى پارلاپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئۇشبۇ قۇدرەتلىك ۋە بەختلىك ئەمىرنىڭ ياخشى ئەخلاق ۋە گۈزەل ئەدەپلىرى پەزىلەتتىدىن، شۇنىڭدەك مۇبارەك ئەھۋاللىرى ۋە مەقبۇل ئادەتلىرىدىن، گۈزەل ئەھۋاللىرى ۋە ئاجايىپ ۋەقەلىرىدىن، سېھىردەك تەسىرچان خاس تەبىئەتلىرىدىن ۋە لەتىفىلىكلەر (گۈزەللىك)گە بىزەك بەرگۈچى دۇردانە سۆزلىرى نەتىجىلىرىدىن بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پارچىلارنى تەرتىپكە سېلىپ شەرھلەنسە، ھەق ئۆتەش ۋەزىپىلىرى بىر ئاز بېجىرىلگەن ۋە زەررىچە بولسىمۇ توغرا يول كۆرسەتكۈچى ئالىي ھەزرەت نېمەتلىرى شۈكرانىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىلغان بولۇر ئىدى.

بۇ گەپ شۇنچىغا سەۋەب بولىدۇكى، تا قىيامەتكىچە ۋە قىيامەتتىمۇ ئۇلۇغ ھەزرەتنىڭ ياخشى ئىشلىرى ۋە يېقىملىق پېئىللىرىنىڭ زىكرى زامان سەھىپىلىرىدە، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ ۋاراقلىرىدا مەڭگۈ قالغان بولاتتى.

چۈنكى، ياخشى نام قالدۇرۇشنى ئىككىنچى قېتىم ئۆمۈر سۈرۈش دېيىشىدۇ ئەمەسمۇ؟

شۈبھىسىزكى، مەن قۇلبەچچەنىڭ ئۇ ئۇلۇغلۇق ئاسمىنىنىڭ قۇياشىنى ماختاشتىن ئۆزگە ھۈنىرىم بولمىغانلىقىدىن خالىس دۇئادىن ئۆزگىنى تاپالماي، كۆڭلۈمدىكىلەرنى يېزىشقا كىرىشتىم ۋە بۇ پارچىلارنى بىر مۇقەددىمە، ئون مەقسەت ۋە بىر خاتىمە بىلەن تەرتىپكە سېلىپ، «مەكارىمۇل ـ ئەخلاق (ئالىيجاناب خۇلقلار)» دەپ ئاتىدىم.

ئەمما، ئۇشبۇ ئەسەر ئاقچا كۆچۈرۈلۈشتىن ۋە ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ پەيزلىك نەزەرلىرىگە مەنزۇر بولۇشتىن ئاۋۋال، بۇ ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك ئەمىرنىڭ سەزگۈر قۇلاقلىرىغا: «ئەي ئارام ئالغۇچى نەپس، ئۆمرۈڭ توگىدى، ئەمدى رازىلىق بىلەن رەببىڭگە قايت» دېگەن نىدا يېتىشتى ۋە ھەق چاقىرىقىغا «لەببەي» جاۋابىنى بېرىپ، ئەزىز روھلىرىنىڭ قۇشى مۇقەددەس گۈمبەزگە جايلىشىشنى ئىختىيار قىلدى.

بۇ قايغۇلۇق ۋەقەنىڭ تەشۋىشى مەن بىچارىنىڭ جېنىغا ئىزتىراپ كەلكۈننى ئاققۇزدى. چىداپ بولغۇسىز بۇ ھادىسىنىڭ دەھشىتى ھەيرەت ۋادىسىدا ئاۋارە بولغان بۇ غېرىبنىڭ كۆزلىرىنى خىرە قىلدى.

ئەي رەببىم، قانداق قىلاي، بۇ غەمنى كىم بىلەن بىللە كۆرەي، بۇ ماتەمنى دىلدىن نېمە بىلەن چىقىراي. ھەيرەتتە قالغانمەن، شۇندىن باشقىنى بىلمەيمەنكى، پۈتۈن ئالەمگە جان ئالغۇچى مۇسىبەت چۈشتى. قول ئىشتىن، تىل بولسا سۆزلەشتىن تامام توختىدى. ئۆزىنى يوقاتقان كۆڭۈل سەبرۇئارامدىن ئاجراپ تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى. نەزم:

> غەملىرىڭ مۇشكۇلىدىن پەرياد ئەي دىل،
> بولدى ھەممە غەيرەتلىرىڭ بەرباد ئەي دىل.
> ئۆمىدىڭ تەلپىي يولىدا بۇ كۆز
> جىگەر قېنىدىن باشقىنى تۆكمىدى، ئەي دىل.

ئاخىر ئۆزۈمنى ئۈمىدلەندۈرۈپ شۇنچىغا قارار بەردىمكى، ئۇ زات ھەققىدە يېزىپ قويغانلىرىمنى ئاقچا كۆچۈرەي ۋە ئۇ بەرىكەت چاچقۇچى زاتنىڭ خەستىلىك ۋە ۋاپات كەيپىياتىنى بايان لەۋھەسىگە نەقىش قىلاي دېدىم. قەغەز مولايىملىق كۆرسىتىپ، سىياھ راۋان قويۇلۇشقا باشلىدى. قەلەم شۇ سۆزلەرنى بايان قىلماق ئۈچۈن تىلغا كىرىپ دېدىكى: بىرمۇنچە مۇددەت سېنىڭ پىكرىڭ گۈزەل نەتىجىلىرىنى مۇشكى ئەنبەر بىلەن پەرۋىشلەپ، ئاق قەغەز يۈزىدە جۇلالاندۇردۇم. ئاقىۋەتتە تىلەك دەرىخى ھەسرەت ھاسىلىنى بېرىپ، خاتىرىنى ــ ئۇ ئەندىشىلەر داغدۇغىسىنى بەردىنلا توختاتتىم. چۈنكى، ئېنىق بىلىمەن: بۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر چوڭقۇر ئويلىغۇچى پىكىر ئىگىسى ئۆز كۆڭلىنىڭ يوشۇرۇن ئۆيىدە يېقىملىق، گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن ھەمئاھاڭ بولغاندا، شۇ ۋاستە بىلەن بالاغەت چىمەنىنىڭ تۈتىلىرى بۇلبۇل كەبى ھەمجۆرە بولۇپ سايرىغاندا، زامان دۇشمەنلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋە

مەدەتكار دوستلارنىڭ كەملىكىدىن قىممەتلىك ئۈمۈرلىرىنى مۇشۇ ئەستىلىكلەرنى ئوقۇشقا سەرپ قىلغۇسى.

## جاھان ئۇلۇغلىرى مەدەتكارىنىڭ سائادەتلىك تۇغۇلۇشى ۋە گۈزەل خۇلقلىرىنىڭ بايانىدا

دۇنيا ۋە دىنغا ياردەم بەرگۈچى خاقان شاھرۇھ① سۇلتانىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ۋە سۇلتانلىق زامانىدا دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپى ۋە ھەر بۇرجىكى ئۇنىڭ ئەل ۋە ئېھسانىنىڭ پەيزىدىن جەننەت كەبى كۆركەملەشكەنىدى. دەل شۇ زاماندا ئىززەت ۋە ئىقبال گۈلشىنىدە تىنچلىق ۋە ئارزۇ مېۋىلىرى ھاسىل قىلىدىغان بىر دەرەخ كۆكەردى ۋە ئاسماندا ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك يۇلتۇزلار كۆرۈنۈپ، مۇرادتىن بەختكە چۆمگەن كۆزلىرى روشەن بولدى. يەنى ئالىي مەرتىۋىلىك، ھىدايەت نەسەبلىك، پاكىز تەبىئەتلىك، ساپ نىيەتلىك، سەلتەنەتنىڭ تايانچىسى، مەملىكەتنىڭ تۈۋرۈكى، خاقان دۆلىتىنىڭ ياردەمچىسى، سۇلتان ھەزرەتلىرىنىڭ يېقىن دوستى (ئەلىشىر نەۋائىي) 844 - يىلى (توخۇ يىلىدا) رامىزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى يوقلۇق دۇنياسىدىن بارلىق ئالىمىگە قەدەم قويۇپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە پارلاق چېھرى بىلەن يەر يۈزىنى بېزىدى.

لۇتۇق ۋە مەرھەمەت بەلگىلىرى ئۇنىڭ مۇبارەك چېھرىلىرىدە جىلۋە قىلاتتى. ياخشى خۇلقلىرىنىڭ نىشانلىرى ئۇنىڭ پارلاق پېشانىلىرىدىن ئايان ئىدى. ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان ئوچۇق يۈزلىرىدىكى نۇرلار ئەقىل قۇلىقىغا شۇنى يەتكۈزدىكى، ئۇ ئاز ۋاقىتتا پەزىلەت ۋە كامالەت ئورنىنى مۇبارەك ئايىغى بىلەن زىننەتلەيدۇ.

يېڭى تۇغۇلغان بەلەن مەرتىۋىلىك زاتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئېھسانلاردىن شۈكرىلەر ئېيتىپ، نەزىر ۋە سەدىقىلەر قىلىشقا باشلىدى. زىياپەت ۋە توي مۇراسىملىرىنى، شادلىق ۋە خۇرسەنلىكلەر لاۋازىملىرىنى ئادا قىلىشتى. ئۇ ئالىي زاتنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىلا ئېيتقان ئاجايىپ سۆزلىرىنى ئىشىتكۈچىلەر ھەيرانلىق دېڭىزىغا چۆمەر ئىدى. ئاتىسى ئۇلۇغ نامدار، ساھىبقىران شائەتلىك ئۇلۇغ پادىشاھ مىرزا سۇلتان مۇھەممەد بايقارا ۋە باشقا يېقىن قېرىنداشلىرى بۇ بۈيۈكلۈك دەرىخىنىڭ غۇنچىسىغا ھەمىشە مېھىر ۋە شەپقەت كۆزى بىلەن قارايتتى ۋە ئىلھامبەخش سۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ياخشى ئۈمىدلەر باغلاپ مۇھەببەت ۋە مەرھەمەت بىلەن تەربىيە قىلىشاتتى.

ئىلىم ۋە سەنئەتنىڭ يورۇق نۇقتىسى بولغان ئۇ زاتنىڭ يېشى تۆتكە يەتكەندە ئۇنى تەربىيەلەش ۋە ئاڭا پەرۋىش قىلىش ئۈچۈن قازى مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلغۇچى، ئاسمان مەكتەپلىرىگىمۇ مۇئەللىم بولالايدىغان ساپ دىللىق ئۇستا ۋە تەجرىبىلىك بىر ئەدىبكە تاپشۇرۇلدى. ئۇ ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك ساھىبقىران②بىلەن بىرلىكتە مەكتەپتە دەرس ئوقۇشقا باشلىدى. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن پات

① شاھرۇھ — ئىسمى مىرزا مۇھەممەدىن بولۇپ، ئەمىر تۆمۈرنىڭ تۆتىنچى ئوغلى، خوراسانغا قىرىق ئىككى يىل (ھىجرىيە 850 — 808) ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

② ئەلىشىر نەۋائىينىڭساۋاقدىشى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

پۈرسەتتە دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتە شېرىكلىرىدىن ئىلگىرىلەپ كەتتى. ئۇنىڭدىكى تەبىئەتنىڭ نازۇكلۇق، ساپلىق ۋە ساغلاملىق شۆھرىتى ئەتراپقا يېيىلدى ۋە مۇبارەك پىكىرلىرىنىڭ توغرىلىقى ھەققىدىكى تەرىپلەر خەلق ئارىسىدا تارقالدى. يازغان خەتلىرى ئاسمان قەغەزلىرىنى مەرۋايىت كەبى زىننەتلەيتتى. تۈزگەن نەزم جاۋاھىرلىرى قىممەت باھالىق سەدەپ دۇرلىرىدىن قىلىشمايتتى، ئۇنىڭ ئۇلۇغ مەرھەمىتىنىڭ ھىدىدىن بەخت ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ دىماقلىرى خۇشبۇي بولدى، ئېھسانلىق خۇلقىنىڭ يېقىملىق شامالىلىرىدىن بىلىم ۋە سەنئەت ئىگىلىرىنىڭ ئۈمىد ۋە ئارزۇ دەرەخلىرى باراقسان بولدى. ئۇنىڭ بەختلىك ۋە مۇبارەك تۇرمۇشىدا «مەكارىمۇل - ئەخلاق (ياخشى خۇلقلار)» سۆزىنىڭ مەنىسى نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئايان بولدى. مەكارىمۇل - ئەخلاقنى ئۇ ئۆز تۇرمۇشىغا پۈتۈنلەي تەتبىق قىلدى.

## بىرىنچى مەقسەت، ئەقىل ۋە ئىدراكنىڭ شەرەپ ۋە دەرىجىسى ھەققىدە

ئەقىل قايسى جايدا ئەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلمايدىكەن، مۇنداق جايدا توغرا ئىش بولمايدۇ، چۈنكى ئەقىلنىڭ ھىدايىتى — يول كۆرسىتىشى بىلەن ياخشى بىلەن يامانىنىڭ، پايدا بىلەن زىيانىنىڭ، توغرا بىلەن خاتانىڭ پەرقى مەلۇم بولىدۇ. ئەقىل يول كۆرسەتكۈچى ۋە ئىشىك ئاچقۇچىدۇر. ئۇ ئۇلۇغ پادىشاھلارنىڭ تاجىدۇر، نامدار كىشىلەرنىڭ زىننىتىدۇر. ھەرقانداق كىشىنىڭ ئەقلى بولمىسا، ئەقىللىك كىشى ئۇنى ھوشيارلاردىن ھېسابلىمايدۇ.

ھەقىقەتەن، بۇ نازۇك جەۋھەر ھەر كىمنىڭ دىماق خەزىنىسىگە كىرسە، ئۇنىڭ كۆڭۈل ۋە كۆزلىرىگە مىڭلاپ مەنە خەزىنىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر كىشىنىڭ مۇبارەك دىلىدا جاي ئالسا پىكىر نەزەرى بىلەن ئۇنىڭدىن جاھالەت داغلىرىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ.

تەڭرىگە تەشەككۇرلەر بولسۇنكى، بىلىم ۋە كامالەت ئەھلىلىرىنىڭ دانالىق كۆزلىرى بۇيۇك ۋە مېھرىبان تەڭرىنىڭ خاھىشىغا مۇۋاپىق ئەھۋال سەھىپىلىرىدە، گۈزەل ۋە نازۇك سۆزلىرىدە ئەقىل ۋە تەدبىر نۇرلىرىنى، ئالى ۋە يۈكسەك نىشانلىرىنى شۇ رەۋىشتە ئايان قىلىدۇكى، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ سۆزلەش ۋە تەسۋىرلەش مۇمكىن بولمايدۇ. ئۇزاقنى كۆرگۈچى ئەقىلنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دۆلەت ئىشلىرى تەرتىپكە سېلىنىدى، ئەقىلنىڭ نۇرى بىلەن ئېغىر قىيىنچىلىقلار يەڭگىللىدى. بۇ دەۋالارنىڭ توغرىلىقى ۋە بۇ مەنىلەرنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئاڭلايمىز.

### ھېكايە

مىرزا يادىكار مۇھەممەد پايىتەخت ھىراتنى بېسىۋالغان پەيتتە سۇلتانى ساھىبقىران (ھۈسەيىن بايقارا) زامان تەقەززاسىغا كۆرە، مەيمەنە ۋە فورياب تەرەپكە ئەۋەتىۋېتىلدى. ئۇ بىر كۈنى شۇ ۋىلايەتتە تەدبىرلىك ۋە يول كۆرسەتكۈچى ئەمىرنى يوشۇرۇن بىر جايغا چاقىرىپ، مەسلىھەت بىلەن ئاڭا شۇنداق دېدى: «مەلۇم بولۇشىچە تۈركمەنلەر پايىتەخت ھىراتتا زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق بايرىقىنى تىككەنمىش. مىرزا يادىكار مۇھەممەد بولسا پاراغەت ۋە غەپلەتتە كەيپۇ ساپا چىرىغىنى ياندۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ

ئۇچۇن ئۇيلايمەنكى، ئەگەر سىز مۇۋاپىق كۆرسىڭىز ئۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلساق، بەلكىم ئىشىمىز ئىلگىرى بېسىپ، يارانقۇچى تەڭرىنىڭ ئامانىتى بولغان پۇقرا زۇلۇم چاڭگىلىدىن قۇتۇلار ئىدى». ئانەزرەت بۇ پىكىرنى ماقۇل تېپىپ، ئۇنى مۇمكىنقەدەر يوشۇرۇن تۇتۇشنى ئېيتتى ۋە ئىلھام بەرگۈچى تىل بىلەن: «ئەگەر بۇ سۆز ماڭىمۇ ئېيتىلمىسا ياخشىراق بولۇر ئىدى» دېدى. سۇلتانى ساھىبقىران سورىدى:

— بۇ ھەقتە شۇقەدەر مۇبالىغە ۋە تەكىت قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئالىيجاناب ئەمىر مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بۇ سۆزلەرنى يوشۇرۇن تۇتۇش بەكمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى، ھەر كۈنى بىزنىڭ بىر گۇرۇھ كىشىلىرىمىز يادىكار مۇھەممەد مىرزا تەرەپكە قېچىپ ئۆتمەكتە. ئۇلار بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈشتىنمۇ قىممەتلىكرەك سوۋغا تاپالمايدۇ. ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەسكى، بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى سېزىپ قالسا، ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرىدۇ. بەلكى بۇ تەرەپكە قوشۇن ئەۋەتىشىمۇ مۇمكىن.

قىسقىسى، بۇ گەپلەردىن كېيىن ساھىبقىران تېزلىك بىلەن ھىرات تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. بەلەند مەرتىۋىلىك ئەمىرنىڭ مەسلىھەتلىرىگە مۇۋاپىق تاكى لەنگەرى بۆكەنگە يەتكۈچە بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى. پەقەت شۇ مەنزىلگە يەتكەندىلا، ئاندىن باشقا ئەمىر ۋە ئەركان دۆلەتنى بۇ يۈرۈشتىن خەۋەردار قىلدى. ھەممىسى خۇرسەن بولدى. ئەمما، كۆپچىلىك سۇلتانلار يادىكار مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئىشىك ئالدى بوش قالغاندا، چۈش پەيتىدە باغى زاغانغا كىرىش كېرەك، دېگەن پىكىردە ئىدى. تەدبىرلىك ئەمىر ئەلىشىر بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆرمىدى ۋە دېدىكى:

— ئەڭ ياخشىسى، باغى زاغانغا كېچىدە كىرەيلى، چۈنكى كۈندۈزى بولسا مىرزا يادىكار مۇھەممەدنىڭ ئادەملىرى بىزنىڭ ھۇجۇمىمىزدىن خەۋەردار بولۇپ قېلىپ، تېزلىك بىلەن تەييارلىق كۆرۈشى، شۇنىڭ بىلەن ئىش بىزنىڭ مۇددىئايىمىزدىن باشقىچە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. دۈشمەن كېچىسى بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزدىن خەۋەردار بولۇپ قالسىمۇ تېزلىكتە توپلىنالىشى ناتايىن. ئىككىنچىدىن، مەقسىتىمىز يورۇقتا چىقمىغان تەقدىردە كۆز ئالدىمىزدىكى قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ بىر تەرەپكە چېكىنىشىمىزگە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. ئەكسىچە كۈندۈزى بۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ.

سۇلتانى ساھىبقىران بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، كېچىسى باغى زاغانغا كىردى، ساپ كۆڭۈللۈك ئەمىرنىڭ تەدبىرلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى. «خۇلاسە تۇلئەخبار»دا يېزىلىشىچە: «مىرزا يادىكار مۇھەممەد قولغا چۈشۈپ ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى».

ئىلىم ئىگىلىرىگە ئايانكى، يارىتىلىش دېڭىزىدىكى سەدەپلەر ئىچىدە گۈزەل ۋە پايدىلىق ئىلىم گۆھەرلىرىدىنمۇ قىممەت باھالىقراقى يوقتۇر.

شۇ سەۋەبلىك توغرا يولنى تاپقان ئەمىر بالىلىق چاغلىرىنىڭ دەسلەپىدىن باشلاپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆمرىنىڭ پەيزلىك چاغلىرىنى پۈتۈنلەي ئىلىم ۋە سەنئەت ئۆگىنىشكە سەرپ قىلدى. ھەر تۈرلۈك بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ھەر خىل پەنلەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئازغىنا ۋاقىتلىرىنىمۇ بىھۇدە ئۆتكۈزمىدى. ھاياتىنىڭ ئەڭ ياخشى چېغى بولغان يىگىتلىك پەيتلىرىنى ئاتاقلىق ئالىملار ۋە ھۈنەر ــ سەنئەت ئۇستازلىرى توپلانغان ھىرات شەھىرىدە زور غەيرەت ۋە ئىجتىھات بىلەن تۈرلۈك كىتابلارنى مۇتالىئە قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى.

سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ پادىشاھلىق دەۋرىدە دىن ۋە پەن ئىلىملىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەنلىكتىن «ئىككىنچى ئەبۇ ئەلى سىنا» لەقىمىنى ئالغان خوجا فەزلۇللاھ ئەبۇلەيسىنىڭ ئالدىغا — سەمەرقەندكە بېرىپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئىلىم ئۆگەندى. خوجا جانابلىرى ئالىي ھەزرەتنىڭ ئۆتكۈر زېھنىلىك ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ماختايتتى ھەم باشقا تالىپلاردىن ئۇنى ئارتۇق كۆرەتتى. سۇلتان ئەبۇسەئىد يوقلۇق ئالەمگە كۆچكەندىن كېيىن ھىرات مەركىزىگە خۇشخۇلق ساھىبقىران سەلتەنەت ۋە ئىقبال بايرىقىنى تىكلىدى. بۇ چاغدا ئالىي ھەزرەت بۇ قەدىرلىك شەھەرگە مۇبارەك قەدىمىنى باستى. بۇ يەردە يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرۈلۈپ، شەۋكەتلىك پادىشاھنىڭ نائىبى، ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنىڭ رەھبىرى، ئاۋامنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىنى ھەل قىلغۇچى، مەملىكەت ۋە مىللەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالغۇچى، دىن ۋە دۆلەت ئەھۋالىنى ئىنتىزامغا قويغۇچى سۈپىتىدە بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ بارچىسىنى بېجىرىش بىلەن بىرلىكتە ئالاھىدە ۋاقىت ئاجرىتىپ، كىتابلارنى مۇتالىئە قىلىپ ئىگىلىگەن ئىلىملىرىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇشقا تىرىشتى.

شۇنىڭ ئۈچۈنكى، «بىرنەرسىنى جىددىي تەلەپ قىلغان كىشى ئۇنى جەزمەن تاپىدۇ» دېيىلگىنىدەك، ئۇنىڭ پاك، پارلاق ۋە پەيزلىك دىلىغا دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلەر نەقىش قىلىنغانىدى. ئۆتمۈش ئالىملىرى پىكىرلىرىنىڭ خۇلاسىلىرى ئۇنىڭ پىكىرلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىر نەمۇنە، كېيىنكى زامان ئالىملىرى پىكىرلىرىنىڭ پاكىزلىقى ئۇنىڭ پارلاق يۇلتۇز كەبى روشەن ئەسەرلىرىدىن بىر نىشان ئىدى. دانىشمەن ئالىملار ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ ئالىي مەجلىسىدە ساپ تەبىئىتىنىڭ يارقىن سەھىپىلىرىدىن پايدىلىناتتى. مەشھۇر سەنئەت ئىگىلىرى ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ مۇبارەك نىشانلىق پەيزلىك زىلچىسىغا ئولتۇرۇپ، جاۋاھىر سۆزلىرىنى ئىشتايتتى ۋە مەنپەئەتلىنەتتى.

## ئىككىنچى مەقسەت، ئىلىمنىڭ پەزىلىتى ۋە ئالىملارنىڭ مەرتىۋىسى ھەققىدە

ھەقىقەت ۋە ئىشەنچ ئەربابلىرىنىڭ قىبلىسى بولغان بۇ زات زەپەرلىك ساھىبقىراننىڭ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئاتاقلىق ئالىملار ۋە ھۆرمەتكە لايىق پازىل كىشىلەرنىڭ دەرىجىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ۋە مەرتىۋىلىرىنى ئۈستۈرۈشكە قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، تەلەبەلەرنىڭ تىنچ - تەشۋىشسىز ئىلىم تەھسىل قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا نەپىقە بەلگىلەپ، مەدرىسە ۋە خانىقالار بىنا قىلدى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئىخلاسىيە مەدرىسەسى: ئىنجىل ئېرىقى بويىدا ناھايىتىمۇ زىبۇ - زىننەتلىك ياسالغان ئىخلاسىيە مەدرىسەسى سېلىندى ۋە ھىجرىيە 906 - (مىلادىيە 1500 — 1501) يىلىدا مول بىلىمگە ئىگە دانىشمەنلەردىن تۆت نەپىرى ئۇل شاراپەتلىك جايدا دەرس بېرىش بىلەن مەمنۇن بولۇپ پەخىرلەندى ۋە ئۇنىڭ ۋەخپىسىدىن كۆپ نېسىۋە ئالدى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى، ئەمىر بۇرھانىدىن ئەتائۇللاھ نىشاپۇرىي، قازى ئىختىيارىدىن ھەسەن تۇربەتىي، ئەمىر مۇرتەزا، مەۋلانە پەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامىي.

خەلاسىيە خانىقاسى يۇقىرىدا زىكىر ئېتىلگەن مەدرىسەنىڭ قارشىسىدا بولۇپ، غايەت گۈزەل ۋە كۆركەم قۇرۇلغان. بۇ يەردە ھەم يىرىك ئالىملاردىن ئۈچ نەپىرى ئىلىم ئۆگىتىش ۋە دەرس بېرىش

بىلەن مەشغۇلدۇر. ئۇلارنىڭ ناملىرى: ئەمىر ئەتائۇللاھ ئەسلىي، ئەمىر سەدرىددىن ئىبراھىم مەشھەدىي، خوجا ئىمامۇددىن ئەبدۇلئەزىز ئەبھەرىي.

شىپائىيە(شىپاخانا) مەزكۇر مەدرىسەنىڭ غەرب تەرىپىدە، ناھايىتىمۇ چىرايلىق قۇرۇلغان. ھازىر ئۇ يەردە مەۋلانا غىياسۇددىن مۇھەممەد ئىبىن مەۋلانا جالالۇددىن تېب ئىلىملىرىدىن دەرس بېرىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ.

نىزامىيە مەدرىسەسى ھىرات شەھىرىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، بۇ جايدا مەزكۇر تارىختا ھىجرىيە 906 ـ (1500 ــ 1501) يىلى ئەمىر ئاسلىبېكنىڭ يېتۇك ئەۋلادى ئەمىر بۇرھانىددىن ۋە مەۋلانا كەرىمۇددىن دەشتى بەيازىيلار دەرس بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

خۇسرەۋىيە مەدرىسەسى گۈزەل مەرۋ شەھىرىدە بىنا قىلىنغان. ئۇنىڭ شۇ نام بىلەن ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، ساھىبقىران پادىشاھنىڭ جىيەنى مىرزا كىچىك دەپ مەشھۇر بولغان مەرھۇم شاھزادە مىرزا مۇھەممەد سۇلتان بىنانىڭ خىشىنى قويغانىدى. شۇنىڭدەك خۇسرەۋىيە سۆزى جۇمەل ھېسابى بىلەن ئۇنىڭ قۇرۇلۇش يىلى تارىخىنى بىلدۈرىدۇ.

دانىشمەن ئەربابلارنىڭ خاتىرىلىرىدە يوشۇرۇن قالمىسۇنكى، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان بىنالارنىڭ شارايىتى، بەزىلكتى پۈتۈن دۇنياغا شۇ قەدەر مەشھۇركى، ئۇنىڭدىن ئارتۇقىنى خىيالغا كەلتۈرۈپ بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئىخلاسىيە مەدرىسەسى بىلەن خەلاسىيە خانىقاسى بىنا قىلىنغان زاماندىن تا مۇشۇ كۈنگە قەدەر يىگىرمە يىل ئىچىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن بۇ ئىككى مۇبارەك جايغا مىڭلاپ تەلەبەلەر كېلىپ، ئاز پۇرسەتتە تۈرلۈك ئىلىم ۋە پەنلەرنى ئۆگىنىشكە مۇۋەپپەق بولۇپ، ئالىقىش ۋە ماختاشلار بىلەن ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتىشقان. ئۇلاردىن كۆپلىرى ھازىرمۇ ھىرات شەھىرىدە مۇدەررىسلىك قىلىش بىلەن پەخىرلىنىشىدۇ. ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ئىسىملىرى «خۇلاسەتۇل ـ ئەخبار»نىڭ ئاخىرىدا يېزىلغان.

ئەمدى ماۋزۇنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق، ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك ئەمىرنىڭ نامىشەرەپلىرىگە ئاتاپ زامان ئالىملىرى تەسنىق قىلغان كىتابلارنىڭ ئىسىملىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمىز:

«شەرھى فەرائىز»: ئالىي ھەزرەت شەيخۇلئىسلام سەيپىددىن ئەھمەد تەپتەزانىي ئەسىرى.

«رەۋزەتۇل ـ ئەھباب فى سىيەرۇن ـ نەبى ۋەلئەسھاب» ئىككى جىلدلىق... ئەمىر جەمالىددىن ئەتائۇللاھ ئەسلىي ئەسىرى.

«تەفسىرى پارسىي»: ئالىيجاناب پەيز ئىگىسى مەۋلانە كامالىددىن ھۈسەيىن ئەل ۋائىز ئەل كاشفىي ئەسىرى.

«شەرھى ئەربەئىن»: ئىمام نەۋۋىي ئەسىرى.

«ھاشىيەئىي مۇختەسەر»، «ھاشىيەئىي چەغمىنىي»، «ھاشىيەئىي شەرھىي»، «ھىدايەئى ھېكمەت»، «ھاشىيەئىي شەرھىي ئەشكال»، «تەئسىس شەرھىي بىست بابى ئۇستۇرلاپ»، «ھاشىيەئىي مەۋاقىف»، «شەرھىي مىئەتۇل ئامىل»: بۇلار مەخدۇمى مەۋلانە فەسھۇددىن مۇھەممەد نىزامىي تەسنىفلىرى.

«شەرھىي مىشكات»: پەزىلەت ئىگىسى جانابى خوجا ئىمادۇددىن ئابدۇلئەزىز ئەبھەرىي ئەسىرى.

«ھاشىيەئى شەرھىي ھېكمەتى ئەيىن»: جانابى مەرھۇم مەۋلانا كەمالىددىن مەسئۇل شىرۋانىي ئەسىرى.

«رىسالەئى دەر ئىلمى فەراسەت»: مەۋلانا ئابدۇررازاق كىرمانىي يازغان.

«ھاشىيەئى شەرھى مۆئجىزى مەۋلانا نەفس»: ھېكمەت ئىگىسى مەۋلانا غىياسىددىن ئەسىرى.

«تەرجىمەئىي ئەدەبىياتى نەفەھات»: مەۋلانا نىزامىددىن ئەھمەد پىرشەمس ئەسىرى.

«تەزكىرەتۇن ـ نۇفۇس»: مەۋلانا دەرۋىش ئەلى تەبىب يازغان.

«ھاشىيەئىي مۇنەۋۋەل»: خوجا ئوبۇلقاسىم ئەبۇللەيسىي قەلىمى بىلەن يېزىلغان.

«ھاشىيەئى مىفتاھ»، «ھاشىيەئى تەلۋىھ»: خوجا خاۋەند ئەبۇللەيسىي ئەسىرى.

«شەرھى مۆئجەز»: سەبزەۋار قازىسى مەۋلانا غىياسىددىن ئەسىرى.

## ئۈچىنچى مەقسەت، شېئىر پەزىلىتى ۋە شائىرنىڭ ئۇلۇغ دەرىجىلىرى ھەققىدە

سۆز دۇردانىلىرىنى تىزگۈچى ئالىملار فەھملىرىدىن، سەنئەت جەۋاھىرلىرى سەررافلارنىڭ گۈزەل ۋە مۇبارەك نىشانلىق دىللىرىدىن يوشۇرۇن ۋە مەخپىي ئەمەسكى، پاكلىق قەدىر ـ قىممىتىنىڭ ئەۋجىدە، ۋەزنىلىك ۋە قاپىيەلىك سۆز بىر گۆھەردۇر. پاساھەتكە كۆپرەك نىسبىتى بولغان شېئىرلار شۇنداق ئۇلۇغ ۋە پارلاق نەرسىلەردىندۇركى، زەرشۇناسلارغا ئۇنىڭدىن ئېسىلراق مال بولمايدۇ. شۇنىڭدەك پەزىلىتى روشەن تەبىئەتكە ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەلرەك يۈزنىڭ سۈرىتى كۆرۈنمەيدۇ.

شېئىر بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ. شائىرلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىدە قابىلىيەت كۆپلۈكىگە كۆرە شېئىرنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە شېئىر ئېيتقان ۋە بەزىلىرى ئىقتىدارلىرىنىڭ ئازلىقىدىن شېئىر تۈرلىرىنىڭ بەزىلىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن كۇپايىلەنگەن.

تەڭرىگە شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىقلار بولسۇنكى، ھەزرىتى سۇلتاننىڭ يېقىن دوستى، دۆلەتلىك ئالىي ھەزرەتنىڭ ماھارىتى يۇقىرىدا بايان ئېتىلگەن شېئىرلارنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە شۇنداق دەرىجىدە ئىدىكى، ئەگەر ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلار ئۇنىڭ زامانىدا بولسا ئىدى، سۆز دەپتەرلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدىن ئۇنىڭ پەزىلەتلىك ئۆيىنىڭ ئاستانىسىگە قاراپ يۈگۈرۈشكەن بولار ئىدى.

گەرچە ئالىي ھەزرەتكە ئۆز قابىلىيىتىنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىنىڭ ئارتۇقلۇقىدىن ئىككى خىل تىلدا — پارسچە ۋە تۈركچە شېئىرلارنى ئېيتىش تامامەن مۇمكىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىدراك تەبىئىتى پارسچىغا قارىغاندا، تۈركچە شېئىرغا كۆپرەك مايىل ئىدى.

مەۋلانا لۇتفىي سۆز لۇتفىدا يېگانە دەۋران بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىم تۈركىي تىلدا شېئىرنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق ئېيتالمىغان. ئالىي ھەزرەت نەۋائىي ئەمدىلا يېتىلىپ، يىگىتلىك دەۋرى باشلانغان مەزگىللەردە، بىر كۈنى لۇتفىي خىزمىتىگە باردى. لۇتفىي: «نازۇك پىكىرلىرىڭىزنىڭ نەتىجىلىرىدىن يورۇققا چىققان بىرەر غەزىلىڭىزدىن بىزنى بەھرىمەن قىلسىڭىز» دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئۇل ھەزرەت بىر غەزەل ئوقۇدىكى، ئۇنىڭ مەتلەئىي مانا مۇنداق ئىدى:

ئارەزىڭ ياپقاچ كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەرلەھزە ياش،
بۆيلەكىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز، نىھان بولغاچ قۇياش.

مەۋلەۋىي جانابلىرى بۇ يالقۇنلۇق غەزەلنى ئېشىتىش بىلەن ھەيرەت دېڭىزىغا چۆمۈپ مۇنداق

دېدى:
— ۋاھ، ئەگەر ئىلاجى بولسا ئىدى، ئۆزۈمنىڭ ئون – ئون ئىككى مىڭ پارسىي ۋە تۈركىي بېيىتلىرىمنى مۇشۇ غەزەلگە تېگىشكەن بولار ئىدىم ھەم مۇنداق قىلىشنى چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلار ئىدىم.

گۈزەل سۈپەتلىك ئەمىرنىڭ مەنزۇم ئەسەرلىرىدىن بىرى تۈركىي «خەمسە» بولۇپ، يىگىرمە يەتتە مىڭ بېيىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەيخ نىزامىينىڭ «پەنج گەنج» ئەسىرىنىڭ مۇقابىلىدە تۈزۈلگەن بۇ كىتابقا ئاجايىپ نازۇك مەنىلەر ۋە گۈزەل پىكىرلەر جايلاشتۇرۇلغان ۋە شۇنىڭ كەبى تۈركچە شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن «چاھار دىۋان» كىتابى 25 مىڭ بېيىتتىن ئىبارەتتۇر. بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى دىۋانى باللىق دەۋرىدە يېزىلىپ، ئۇنىڭغا «غەرايىبۇس – سىغەر (باللىق غارايىپلىرى)» دەپ نام قويۇلغان. ئىككىنچى دىۋانى يىگىتلىك زامانلىرىدا تەرتىپكە سېلىنىپ، ئۇنىڭغا «نەۋادىرۇش – شەباب (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)» ئىسمى بېرىلگەن. ئۈچىنچى دىۋانى ھەر جەھەتتىن تولۇپ يېتىلگەن چاغلىرىدا پۈتۈلگەن نەزملىرىدىن تولدۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭغا «بەدايىئۇل – ۋەسەت (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)» نامى بېرىلگەن. تۆتىنچى دىۋانى بولسا ئالىي ھەزرەتنىڭ ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقان چاغلىرىدىكى پارلاق پىكىرلىرىنىڭ تىزمىسى بولۇپ «فەۋايىدۇل – كىبەر (قېرىلىق پايدىلىرى)» دەپ ئاتالغاندى.

ئېھسانلار ئىگىلىرىدىن ئەڭ گۈزىلىنىڭ تەسنىفلىرىدىن يەنە بىرى «مىزانۇل – ئەۋزان» دۇر. بۇ كىتاب تۈركىي تىلدا ئارۇز ۋەزنى ھەققىدە يېزىلغان بولۇپ، ئالىي ھەزرەتنىڭ چوڭقۇر ۋە نازۇك شېئىرلار توغرىسىدا كۆپ ئىستېداتلىق ۋە ئارتۇق دەرىجىدە ماھارەتلىك ئىكەنلىكى مانا شۇ كىتابتىن ئەڭ ئوچۇق مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆتمۈشتىكى ئالىملار ۋە شائىرلارنىڭ نەزەرى چۈشمىگەن بىرقانچە مەقبۇل بەھرىنى ئارۇزغا قوشتى.

ئەمىرنىڭ گۈزەل سۈپەتلىك كىتابلىرىدىن يەنە بىرى «چىھىل رۇبائىي» دۇركىم، بۇ كىتاب چىھىل ھەدىسنىڭ تەرجىمىسىدۇر. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىككى يۈز ئاتمىش رۇبائىيدىن تەركىب تاپقان بىر كىتابى باردۇر، ئۇنىڭ ھەر تۆت مىسراسى بىر خىل قاپىيەلىك تۇر. «نەسىرۇلك – لەئالى» ئەسىرى پارسچىدىن تۈركچىگە تىزما يوسۇندا يېزىلغاندۇر. بەۋائىيغىچە تۆت مىسرانى قاپىيەلىك ۋە رادىپلىق قىلىپ رۇبائىي يېزىش تۈركچىدە كۆرۈلمىگەنلىكى مەلۇم. يەنە پارسچە قەسىدىلەر ۋە غەزەللەردىن تۈزۈلگەن «مەيدانى بەلاغەت» ناملىق دىۋانى ئالتە مىڭ بېيىتلىق ئەسەردۇر. بۇلار غايەت ئوچۇق، يەڭگىل ھەم خاس مەنىلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ۋە تىلى راۋاندۇر. ھېچقانداق تەكەللۇپسىز ئېيتىش مۇمكىنلىكى، بىر ئاز ۋاقىت ئىچىدە يۈكسەك سەنئەتكارلىق بىلەن يارىتىلغان جازىبىلىك بېيىتلەر گۈزەللىك ۋە ئۇستىلىق بىلەن بېزەلگەن تىزمىلار زىننىتىنىڭ شۆھرىتى شۇنداق دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك، يۇقىرى ئىلىمپەرۋەر سۇلتانلار دۇنيانىڭ ئۇزاق شەھەرلىرىدىن سۆز ئۇستىلىرى بولغان مەخسۇس ئەلچىلەرنى ھىراتقا ئەۋەتىپ، ئەمىر ھەزرەتلىرىنىڭ بالاغەتلىك سۆزلىرىنىڭ توپلىمىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئىمزادەشتى. تاكى خىتاي ۋە خوتەن مەملىكەتلىرىنىڭ يۇقىرى تەرەپلىرىدىن باشلاپ تاكى رۇم ۋە غەرب مەملىكەتلىرىنىڭ تۆۋەن چېگرالىرىغىچە شاھ ۋە گاداي، ياش ۋە قېرى، ئەرەب ۋە ئەجەملەرنىڭ ئاغزىدا ئالىي ھەزرەتنىڭ گۈزەل تىزمىلىرى ئوقۇلىدىغان بولدى.

ئالىي تەبىئەتلىك ئەلىشىر ھەزرەتنىڭ كىتابلىرىدىن يەنە بىرى «رىسالەتۇل ـ مۇفرەدات»تۇر. بۇ كىتاب مۇئەممما پېنى ھەققىدە پارس تىلىدا يېزىلغاندۇر. بۇ نەپىس ئەسەرنى ھەقىقەت ئىگىسى مەخدۇمى نۇرەن ھەزرەتنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكىنىدە ئالىي ھەزرەت بۇ كىتابنىڭ تەرىپى ھەققىدە شۇنداق يۇقىرى باھا بېرىپ سۆزلىگەنىدى. ھەقىقەتەنمۇ ئەلىشىر ھەزرەت مۇئەممما پېنىدە شۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىگە يەتكەنىدى.

پاك كۆڭۈللۈك ئەمىرنىڭ ياخشى ئەھمىيەت بېرىشى ۋە پەيز چاچقۇچى دىلىنىڭ ئۇندىشى بەرىكىتىدىن جاھان تاجى بولمىش ساھىبقىراننىڭ پادىشاھلىق دەۋرىدە شائىر ۋە ئەمىرلەرنىڭ دەرىجە ـ مەرتىۋىلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەقسەت ۋە ئىستەكلىرى چېكىگە يەتكۈزۈلگەچكە، ئىمكانىيەتلىرىنىڭ بارىچە پاساھەت ۋە بالاغەت ساھەسىدە كۆپ كۈچ سەرپ ئېتىپ، ئۇ ھەزرەت مەدھىيەسىدە نەزمىي كىتابلارنى يېزىشتى. ھەتتا ھەقىقەت ئىگىسى مەخدۇمى جامىيمۇ ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن شېئىرىي ئەسەرلىرىدە بۇ روشەن پىكىرلىك ئەمىرنى ماختىغان. ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆز شېئىرلىرىنىڭ پەرداز ۋە بېزىكىنى ئاشۇرغان. ئەنە شۇ قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ نامى تۆۋەندىكىچە: «تۆھپەتۇل ـ ئەھرار»، «سۇبھەتۇل ـ ئەبرار»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «يۇسۇف ۋە زۇلەيخا»، «خىرەدنامەئى ئىسكەندەرىي».

ئۇ ھەزرەتنىڭ ئۇلۇغ نامى بىلەن تولۇقلىنىش شەرىپىگە ئىگە بولغان يەنە باشقا كىتابلارنىڭ ناملىرىنى بايان قىلىشمۇ مەقسەتكە مۇۋاپىقتۇر:

«رىسالەئىي قاپىيە»: ئالىيجاناب ئەمىر بۇرھاندىدىن ئەتائۇللاھ ئەسىرى، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «خۇسرەۋ ۋە شېرىن» ـــ مەۋلانا شىھابىددىن ئابدۇراھمان جامىي سېھىرلىك قەلىمىنىڭ نەتىجىلىرىدۇر.

مەۋلانا ئالائۇددىن كىرمانىينىڭ «مەسنەۋىيات»ى.

مەۋلانا ئەھلىي شىرازىينىڭ «قەسىدەئى مەسنۇئ» ئەسىرى.

خوجا مەسئۇد گۇلىستانىينىڭ «يۇسۇف ۋە زۇلەيخا»سى.

«سېھىرلىك ھىلال» ـــ مەۋلانا غىياسىددىن مۇھەممەد ئىبنى مەۋلانا جالال ئەسىرى.

مەۋلانا شەمسىددىن مۇھەممەد بەدەخشىينىڭ «رىسالەئى مۇئەممما»سى.

شۇنىڭدەك ئەمىر نىزامىددىن شەيخ ئەھمەد سۇھەيلى ۋە ئەمىر كەمالىددىن ھۇسەين ئەلى جەلايىر، مەۋلانا نىزامىددىن ئاسترابادىي، مەۋلانا فەسىھۇددىن ساھىبدارا ۋە باشقا پازىللار ۋە شائىرلار بۇ ھىدايەت نەسەبلىك دۆلەت ئىگىسىگە مەدھىيە ـ مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن كۆپلىگەن ئۆتكۈر قەسىدىلەر بېغىشلىغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىش سۆزنىڭ ئۇزىرىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

## تۆتىنچى مەقسەت، ئىنشانىڭ پەزىلىتى، سۆز ئۇستىلىرىنىڭ مەرتىۋىسى ھەققىدە

ھوشيار ۋە چېچەن يازغۇچىلار سەنئەت ۋە ھۈنەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتە تۈرلۈك يوللار بىلەن ھەرىكەت قىلىشقان. سۆز گۆھەرلىرىنى ئىككى خىل يوسۇندا تىزىشقان. بىرى تىزما (نەزم) بولۇپ، بۇ شېئىرىي

تەبىئەتتىن تۇغۇلىدۇ. ئىككىنچىسى نەسر بولۇپ، بۇ بولىسا ئىنشا ئەربابلىرى پىكرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئىنشا پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ تەرىپلىرى بويىچە، مەنە قىزلىرىنىڭ قۇلاق ۋە بويۇنلىرىنى سۆزلەرنىڭ دۇر ـ زىننەتلىرى بىلەن ياسىتىش، سۆز ـ ئىبارىلىرىنى مەنە تەرتىپلىرى بويىچە دانىمۇدانە تىزىپ باغلاش، جۈملىنىڭ يېشىملىرىنى روشەنلەشتۈرۈپ، كۆڭۈلنى خىرەلەشتۈرىدىغان سۆزلەردىن تازىلاش ئارقىلىق ھېكايىنى ساپ، پاكىز سۆز ۋە نەسرلەر بىلەن بېزەشتىن ئىبارەتتۇر. ھەقىقەت بىلەن ئېيتقاندا، بۇ شاراپەتلىك پەن ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات كىيىمىنىڭ زىننىتىدۇر.

ئۇلۇغ تەڭرىگە شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىقلار بولسۇنكى، ھىدايەت نەسىبلىك ئالىي ھەزرەت بۇ قىممەتلىك پەننى ئىگىلەشتىمۇ تەرەققىياتنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتكەندى. ئۇنىڭ ئىككى تىللىق قەلىمىنىڭ بايانىدىن ئەقىل ـ ھوش ئىگىلىرىنىڭ قۇلاقلىرىنى سەدەپ دۇرلىرى بىلەن تولدۇرار، ئۇنىڭ قولىدىن تىزىلغان خەت تىزىقلىرىدىن تۇغۇلغان ھەيرانلىق كاتىپىنىڭ بارماقلىرىنى پىكىر چىشلىرى بىلەن چىشلىتەر ئىدى. مۇشك ـ ئىپار چاچقۇچى قەلەم ئۇ پازىل ۋە ھۆرمەت ئىگىسىنىڭ نەسر يوسۇنىدا يازغان ئەسەرلىرىدىن بەزىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئالىي ھەزرەتنىڭ بۇ خىلدىكى كىتابلىرىدىن بىرى تۈركىي تىلدا يېزىلغان «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»دۇر. بۇ ئەزىز كىتاب خاقان سەئىد مەغفۇر شاھرۇھ مىرزىنىڭ پادىشاھلىق دەۋرىدىن باشلاپ شۇ زامانغىچە يەر يۈزىنى روشەن ۋۇجۇدلىرى بىلەن زىننەتلىگەن ئالىم ۋە شائىرلاردىن كۆپلىرىنىڭ بەزى سۈپەت ـ ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىدۇ. يەنە شۇ زامانغا ئائىت ئىككى قىسقىچە تارىخ كىتابىمۇ يازغان. بىرى، پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا بايان قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى ھەققىدە بايان قىلىدۇ. بۇ ئىككى قىممەتلىك كىتابقا يەنە قىممەتلىك ھېكايىلەر ۋە ئاجايىپ رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن.

ئىلىم ـ مەرىپەت ئەھلىلىرى قىبلىسىنىڭ ئەسەرلىرىدىن يەنە بىرى، «خەمسەتۇل ـ مۇتەھەييىرىن» ناملىق كىتابىدۇركى، كىشىلەر ئۇنىڭ تىزمىلىرىنىڭ گۈزەل ۋە نازۇكلۇقىدىن ۋە تەرمىلىرىنىڭ ئۇچۇق ۋە يارقىنلىقىدىن ئەپسۇسلۇق بارماقلىرىنى چىشلەشتى. بۇ كىتاب ھەقىقەت ئىگىسى ـــ مەخدۇمى نۇرەن ئابدۇراخمان جامىي ئالىيجاناب بىلەن ئالىي ھەزرەتنىڭ ئۆزئارا ئەھۋاللىرى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى بايان قىلاتتى.

ئۇنىڭ تۈركچە ياخشى كىتابلىرىدىن يەنە بىرى، تۆرلۈك پارچىلار ـ مەكتۇپلار توپلىمىدۇركى، ئەگەر تەدبىر يۇلتۇزى ئاسمان قەغەزلىرىگە ئۇنىڭ قىممەت باھا مەكتۇپلىرىدىن بىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى ئۇزاق مۇددەت يازسىمۇ تامام قىلالمايدۇ. شۇ خىلدىكى يەنە بىر ئەسىرى بولسا پەھلىۋان مۇھەممەدنىڭ ئىشلىرى ھەققىدىدۇر.

ھاجەتلىك ۋاقىتلىرىدا يۇقىرى دەرىجىلىك گۇرۇھلارنىڭ ئەخلاقلىرىنى ۋە ئادىي ھەمدە ھۆكۈمەت دائىرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئادەتلىرىنى بايان قىلىدىغان «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇپ (كۆڭۈلنىڭ دوستى)» ئىسىملىك بىر كىتاب يازغان. بۇ مۇبارەك نۇسخىنىڭ تەرىپىگە قەلەمنىڭ تىلى ئاجىز، ماختاشقا تىل قىسقىلىق قىلىدۇ.

ئالىي ھەزرەتنىڭ پارسچە ئىنشادىمۇ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنلىكى ۋە زېھنىنىڭ غايەت تېز ۋە ئۆتكۈرلۈكى ھېچكىمگە سىر ئەمەس.

زەكىيلەرگە يوشۇرۇن قالمىسۇنكى، يازغۇچىلارنىڭ كاسات ماللىرى بۇ شاراپەتلىك زاماندا پەزىلەتلىك ئەمىرنىڭ ئىلتىپاتلىرى سايىسىدا تولۇق قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇل ھەزرەتنىڭ نامىشەرىپلىرىگە بېغىشلانغان بالاغەت نىشانلىق كىتابلار ۋە پاساھەتلىك تەسنىفاتلار مەيدانىغا چىقتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

«شەۋاھىدۇن ـ نەبۇۋەت»، «رىسالەئى دەر ئىلمى مۇسىقى» ـــ ھەقىقەت ئىگىسى ھەزرەتى مەخدۇمى جامىيىنىڭ گۈزەل ۋە نازۇك قەلەملىرى نەتىجىسىدۇر.

«ئىقتىباسات» ـــ شەرىئەت ھامىيسى، جانابى ئەمىر ئىختىيارىددىن ھەسەن تۇربەتىي ئەسىرى.

«ھالاتى ھەزرەتى مەخدۇمى» ـــ مەۋلانا كامالىددىن ئابدۇلۋاسىئ ئەسىرى.

«رەۋزەتۇس سەفافىسىيەرۇلئەنبىيا ۋەلمۇلك ۋەلخۇلەفا»: يەتتە جىلدتىن ئىبارەت. جانابىي ئاتىمىز ئەمىر خاند (مىرخاند) مۇھەممەد ئەسىرى.

«مەئاسىرۇل ـ مۇلك»، «خۇلاسە تۇل ـ ئەخبار» ـــ بۇلار پەقىرنىڭ تەسنىفلىرىدۇر.

## بەشنچى مەقسەت، ئاخىرەت ھازىرلىقلىرىنى توپلاش، دۇنيا ھەۋەسلىرىدىن كۆڭۈلنى تارتىش بايانىدا

نەۋائىي بىرنەچچە يىل «خەلق ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىسىڭىز، ئادالەت بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈڭ» دېگەن سۆزلەرگە ئەمەل قىلىپ، ئادالەت بىلەن مەنسەپ تۇتتى، كېيىنكى چاغلاردا بولسا، «مەنسەپتىن مەنسەپسىزلىككە يۈز تۇت، چۈنكى ھەرقانداق مەنسەپتىن مەنسەپسىزلىك ياخشى» دېگەن نەقىلنىڭ مەزمۇنىنى خاتىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەمىرلىك مەنسىپىدىن ئىستېپا بەردى. سۇلتان ساھىبقىرانمۇ ئۇ ھەزرەتنىڭ كۆڭۈل ئىستىكىنى مۇبارەك كۆڭلى ئارزۇسىدىن يۇقىرى قويغانلىقىدىن، بۇ خۇسۇستا ئاڭا ھەمپىكىر بولدى. ئەمما، 892 ـــ ھىجرىيە (مىلادىيە 1487 ـ يىلى) يىلى مازەندەران ۋىلايىتى ئىنان ـ ئىختىيارىنى قەتئىي تەكلىپ بىلەن قۇدرەتلىك ئەمىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇ ھەزرەت ئالىي قەدىر ساھىبقىراننىڭ سۆزىدىن باش تارتالماي، مازەندەران تەرەپكە تەشرىپ بۇيرۇدى. گۈل چاچقۇچى ئاستراباد ئۇ كىشىنىڭ شاراپەتلىك قەدىمى بەرىكىتىدىن گۈلىستانى ئىرەمنىڭ رەشكىنى كەلتۈردى. ساپ كۆڭۈللۈك ئەمىر ئۇ مەملىكەتتە ئىككى يىلغا يېقىن ئادالەت تەختىدە ئولتۇرۇپ، كېيىن ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن ئېتەكىنى يىغىشتۇرۇپ پايتەخت ھىراتقا قايتتى.

قىسقىسى شۇكى، ئۇ ھەزرەت ئەنە شۇنداق مەشغۇلاتلارغا قارىماي، ھېچقاچان ئەھلى دىللارغا خەيرخاھلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتىن غاپىل قالماس ئىدى. ھەر دائىم ئىلىم ـ ئىرپان ئەھلىلىرىگە ئىخلاس ۋە ئېتىقاد قەدىمى بىلەن خىزمەت قىلاتتى. خۇسۇسەن، ئالىيجاناب مەخدۇمى جامىيغا يېقىن مۇلازىمەتتە بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ھۇزۇرىدا دەرۋىش ۋە سوپىلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇش بىلەن بولاتتى. ئۇ جاناب جامىيمۇ بۇ بابتا قىلغان تەسنىفلىرىنى ئەمىر ھۇزۇرىدا مۇتالىئە قىلار ۋە بۇ كىشى (نەۋائىي) ئۇ كىتابلارنىڭ نازۇك نۇقتىلىرىنى پەيزلىك خاتىرى لەۋھىگە نەقىشلەر ئىدى. تېخى ئۇل ئالىيجاناب بۇ ئەسەرلەرنى ھىدايەتلىك ئەمىرنىڭ ئىسمىشەرىپىگە بېغىشلاپ يازغانىدى: «نەفەھاتۇل ـ ئۇنس» ۋە «ئەشئاتۇل ـ لەمئات»نىڭ مۇقەددىمىسى ئوقۇلسا، بۇ پىكىر

قوياشتەك روشەن ۋە ئاشكارا بولىدۇ.

بۇ كارامەت ئىگىسى بولمىش ئەمىر مەنسەپدارلىق ۋاقتىدا پۇقرا ۋە دەرۋىشلەرنىڭ پاراۋانلىقى، غېرىب - مۇساپىرلارنىڭ پاراغىتى ئۈچۈن خوراسان ئەتراپلىرىدا كۆپ مىقداردا خانىقا، رابات، كۆل - ئامبار ۋە هاماملار قۇرغان. شۇلاردىن بىر قىسمىنى ساناپ ئۆتىمىز:

«خەلاسىيە خانىقاسى» — «ئىخلاسىيە مەدرىسەسى» قارشىسىدا، بۇ پەيزلىك جايدا هەر كۈنى مىڭدىن ئارتۇق زەئىپ ۋە مىسكىنلەرنى زىيارەت قىلىپ، شېرىن تائاملار بىلەن تويغۇزاتتى. هەر يىلى موهتاجلارغا ئىككى مىڭغا يېقىن جۇۋا، باسما چەكمەن، كۆڭلەك، ئىشتان، تەقىيە ۋە كېپىش ئۈلەشتۈرەتتى.

«جامائەتخانە خانىقاسى» — هىرات خىيابانىدا بولغان مەۋلانا شەمسىددىن مۇهەممەد تەبادكانىي سىر مازارىدا، هەقىقەت ئىگىسى هەزرىتى مەخدۇمى جامى سىر مازارىدىكى ئىمارەت. كەڭلىكى ۋە ئېگىز - يۈكسەكلىكى، شۇنداقلا خۇش هاۋالىقلىقى بىلەن مەشهۇر.

«فەنائىيە» — ئاشۇ مازار دائىرىسىدە.

«هەۋزى ماهىيان» ئىمارىتى — خوراسان خەلقىنىڭ سەيلىگاهى، دەرۋىشلەر ۋە پەقىرلەر تۇرالغۇسى.

پىرى مۇجەررەد خوجا ئەبۇلۋەلىد ئەهمەدنىڭ مۇبارەك سىر مازارى ئىمارىتى — سەيلىگاهنىڭ كەڭرىلىكى ۋە هەشەمىتى بىلەن مەشهۇر.

شەيخ مۇهىيى سىر مازارى لەنگىرى — بەك هەيۋەتلىكتۇر.

ئەمىر ئابدۇلۋاهىد ئىبنى مۇسلىم سىر مازارىنىڭ ئىمارىتى — خۇمچەيى بادقا جايلاشقان.

زىيارەتگاه خانىقاسى — بۇ يەردىمۇ پەقىر ۋە مىسكىنلەرگە ئوزۇق بېرىلىدۇ.

خوجا يۈسۈپ هەمەدانىي سىر مازارى ئىمارىتى.

دارۇلهۇففاز — مەشهەدتە ئىمام رىزا بېغىدا قۇرۇلغان. ئۇ جاينى قىممەت باهالىق تاشلار ۋە ئالتۇن بىلەن مۇسۇلمان ۋە چىننىي ئۇسلۇبىدا غايەت هەشەمەتلىك نەقىشلىگەن. شۇنىڭدەك ئاشۇ باغدا يەنە غايەت ئېگىز ۋە بىنىهايەت زىبۇ - زىننەتلىك بىر ئايۋان بىنا قىلىنغان. هەر كۈنى زەئىپ، پەقىر - يېتىملەرنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاشخانىمۇ قۇرۇلغان.

شەيخ فەرىدۇددىن ئەتتار سىر مازارىدىكى خانىقا — خۇش مەنزىرىلىك جايدۇر. ئۇ هەزرەت 902 - هىجرىيە (1496 — 1497) يىلى نىشاپۇر شەهىرىنى ئۆزىنىڭ مۇبارەك شولىسى بىلەن نۇرلاندۇرغانىدى. بىر كۈنى ئۇ يەردىكى ماشايىخلار قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا باردى. ئۇ يەردىكى كۆپلىگەن قەبرىلەرنىڭ بۇزۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى تۈزەشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭغا مۇۋاپىق هازىر ئادەتلەنگەن ئۇسلۇب بىلەن قەبرىلەرنى تىكلىدى.

مەۋلانا سىررىي لەنگىرى: مەرۋ شەهىرىدە بىنا قىلىنغان.

خەيرلىك بىنالار قۇرغۇچى ئەلىشىر نەۋائىي سالغان راباتلىرىنىڭ① تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

راباتى سەرى خىيابان، تەيفۇر رابات، راباتى هەۋزەك، راباتى دەرەيى زەڭ، راباتى چىهىلدۇختەران،

① رابات — كارۋان سارىيى، قونالغۇ، ئۆتەڭ.

راباتى تەرناب، راباتى پەنجدەھ، راباتى كەتلىش مۇرغاب، راباتى مەرىچاق، راباتى پۇلى ئەھمەد، مۇشتاق، راباتى بايقۇر، راباتى زاھىد، راباتى خوجادۇككا، راباتى دەستى شارەخت، راباتى ئەدرەسكەن، راباتى فەرمان قۇرقۇش، راباتى كەندەگى، راباتى ئاقرەبات، راباتى يانبۇلاق، راباتى خوجا ئابدۇلۋەلىد، راباتى مۇزدۇران، راباتى پەرىيەن، راباتى پۇلى غورىيەن، راباتى پايەبېك، راباتى نۇزپۇل، راباتى شۇتۇرخانەئى تىرپۇل، راباتى سەھرايى باغەندە، راباتى جام، راباتى خەرگىرد (ھەرجىرد)، راباتى مەرەممەت، راباتى بەكرەبات، راباتى سەئىدەبات، راباتى ھازىرە، راباتى سەنگبەست، راباتى مەشھەدى مۇقەددەسە، راباتى تېپەيى چەۋك، راباتى دىزابات، راباتى گۇلىدار، راباتى سەنگلىكلەر، راباتى رۇنىز، راباتى ئىسپەرايىن، راباتى چىناران، راباتى ئىشق، راباتى دەھەنى تەختى سۇلايمان، راباتى جۇرمەجۇي، راباتى سەرى كوچەيى ئالەمات، راباتى پۇلى نىگار، راباتى بەھرە، راباتى دىياگەر.

قۇرۇلغان كۆل ــ ئامبارلار تەپسىلاتى:

ھەۋزى① مەھەللەيى پايدەرەختى مىراسىي، ئىختىيارىددىن قەلئەسى ئالدىدىكى كۆل، ھەۋزى مەھەللەيى شالباخان، ھەۋزى سەرى پۇشتە، ھەۋزى مەھەللەيى چىھىلگازى، ھەۋزى خوجايى كەللە، ھەۋزى پىرقىۋام، ھەۋزى مەھەللەيى قەلەندەران، شىفائىيە يېنىدىكى كۆل، قۇشانچ مەسچىتىدىكى كۆل، مەخدۇمى جامىي سىرمازارىدىكى كۆل، پەرىياندىكى كۆل، چاررەھە كۆلى، سەھرايى باغەندەدىكى كۆل، شاھانى گارمابىتىكى كۆل، زۇرابادتىكى كۆل، زىيارەتگاھتىكى كۆل، ئەندخۇددىكى كۆل، خارەزم يولى ئۈستىدىكى كۆل.

كۆۋرۈكلەر تەپسىلاتى:

سىپۇلاق، تۇلكى، سوقى سەلمان، چىھىلدۇختەران، تەرناب، قەلەندەران، قازىبانان، بايخوجا، خەيرئاباد كۆۋرۈكى ۋە تۇغىنى، جۇرجانان، نىگار ــ مەرمەردىن، قۇشانچ، تىر (مەرمەردىن)، نەھرى ئەرەب، چەقچەران، تۇرۇق كۆۋرۈكى ۋە تۇغىنى.

ھاممام لار سانى تۆۋەندىكىچە:

شىفائىيە يېنىدىكى ھاممام، زىيارەتگاھ ھاممامى، زەرەيى زەڭ ھاممامى، تۇۋۇرچى ھاممامى، چىھىلدۇختەران ھاممامى، تەرناب ھاممامى، پەنجدەھ ھاممامى، فەيزئاباد ھاممامى، سەئىدئاباد ھاممامى.

ئالتىنچى مەقسەت، شەرىئەت ئەركانلىرىغا رىئايە قىلىش بايانىدا

... مۇرغابى بېغىدا غايەت زىننەتلىك بىر مەسچىت بىنا قىلىپ، زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق قارىيلىرىدىن خوجا ھاپىز مۇھەممەد سۇلتانشاھنى ئىمام قىلىپ تەيىنلىدى... شۇنىڭدەك ئىشىكتىكى مۇلازىملارنى ناماز ئاداسىغا تەرغىب قىلىش، بىرەر كىشىدىن ئۇرۇنسىز ئىش سادىر بولسا جازالاش ئۈچۈن بىر مۇھتەسىب② بەلگىلىدى.

شۇنىڭدەك مۇرغابى بېغى قارشىسىدا بىر مۇھەببەتلىك مەسچىت قۇرغان، ھەقىقەتەن بۇ بىنانىڭ دىلكۇشا فەزاسى قۇرغۇچى قەلبىنىڭ پاكلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ خەيرلىك بىنالار قۇرغۇچىسىنىڭ قايتا قۇرغان مەسچىتلىرىدىن بىرى ھىراتنىڭ جامە

① ھەۋزى ــ كۆل.

② مۇھتەسىب ــ ئىش باشقۇرغۇچى.

مەسچىتتۇركى، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىلاھىي پەيزلەر توپلانغان جاي ۋە تامامى غەشلىكلەرنى كەتكۈزگۈچىدۇر. بۇ مۇبارەك جاينى سام دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە قۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ بۇ ئالىي بىنانى قۇرۇپ تاماملاشتىن ئىلگىرى ۋاپات بولدى. تەخت ۋارىسى بولغان بۇرادىرى سۇلتان شىھابىددىن بىنا قۇرۇلۇشىنى داۋام ئەتكۈزدى. ئەمما، ئوغلى غىياسىددىن مەھمۇد پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ قۇرۇلۇشنى پايانىغا يەتكۈزدى. بىرنەچچە ۋاقىت شۇ ھالدا ئۆتتى. چىڭگىزخان يۈرۈشى ۋە خوراساننىڭ خارابىگە ئايلىنىشى بىلەن بۇ ئالىي مەنزىلمۇ ۋەيران بولۇشقا يۈزلەندى. مەسچىتنى تۈزىتىش ۋە قايتا قۇرۇش ئىشلىرى مەلىك غىياسىددىن كۈرتقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوغلى مەلىك مۇئىززىددىن ھۈسەيىن بېزىتىش ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇردى. ھەزرىتى خاقانى سەييىد شاھرۇھ زامانىدا ئەمىر جالالىددىن فىرۇزشاھ قايتىدىن تەئمىر① قىلدى...

سۇلتان ساھىبقىران ھۈسەيىن بايقارا سەلتەنىتى دەۋرىدە مەسچىتنىڭ ئىچكى قىسىم ئايۋىنى قاتتىق شىكەستلەندى. گۈمبەز چۈشۈپ كەتتى. مەزمۇت تاملار نامازخانلارنىڭ بېلىدەك پۈكۈلدى. ئاپپاق گەج سۇۋاقلار چىرايلىق گۈمبەزلەردىن سويۇلۇپ چۈشتى...

بۇ ھال ئۇ ئىلھامى ئىلاھىينىڭ روشەن كۆڭلىدىن جاي ئېلىپ، بۇ بىنانى قايتا تىكلەشكە بەل باغلىدى. پادىشاھى ئىسلام سۇلتان ھۈسەيىن بايقارادىن ئىجازەت ئېلىپ، ئۇلۇغ ماشايىخلارنىڭ مۇقەددەس ئەرۋاھىدىن مەدەت تىلەپ، 903 ـ يىل شەئبان ئېيىدا (1498 ـ يىل 25 ـ مارت ــ 23 ـ ئاپرېل) مەسچىتنىڭ ئىچكى قىسىم تورۇسى ۋە گۈمبەز تاقىنى ئېچىشقا ئەمر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پىشقان مېمارلار ۋە بىلىملىك مۇھەندىسلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئاۋۋالقىسىدىنمۇ مۇستەھكەمرەك قىلىپ تىكلەشنى بۇيرۇدى. مەسچىتنىڭ ئىچكىرى قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېگىزگىنە ئىككى ئايۋان قۇرۇلۇپ، كاتتا تاقى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. نەۋائىي بىنانىڭ تېز پۇرسەتتە تاماملىنىشىغا بەكمۇ ئېتىبار بەرگەنلىكتىن، ھەر كۈنى ئىش بېشىغا كېلىپ كۆپىنچە ھاللاردا پەشلىرىنى قىستۇرۇپ، مەدىكارلار قاتارىدا ئىشلەيتتى. ئارىلاپ ئىش باشقۇرغۇچىلار، ئۇستىلار ۋە باشقا ھۈنەرۋەنلەرگە قىممەت باھالىق تون يېپىپ، ئاز بولمىغان ئىنئام ـ ئېھسانلار بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى.

شۇنداق قىلىپ، خۇدانىڭ مەرھەمىتى ۋە پادىشاھنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئۈچ ـ تۆت يىلدا پۈتىدىغان ئىش ئالتە ـ يەتتە ئايدا تۈگىدى. مەسچىتنىڭ ئىچكىرى قىسىم ئايۋىنىنىڭ ئېگىزلىكى ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ ھىممىتىگە مۇۋاپىق ئىلگىرىكىدىن ئالتە ـ يەتتە ھەسسە ئارتۇق بولدى. بىنانىڭ ئاساسى مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن ئۇستى تەرىپىنى بېزەپ كۆركەملەشتۇرۇش پىكرى قوزغالدى. ئىشارەت بويىچە بىلىملىك مۇھەندىسلەر، ئىشچان كاھىشتاراشلار ۋە نەققاشۇ ـ سەنگتراش ئۇستىلىرى بېزەش ئىشىغا جىددىي كىرىشىپ كەتتى. قىلىنغان تەخمىنلەرگە قارىغاندا بەش يىلدا بېجىرىلىدىغان بۇ ئىشمۇ بىر يىلدا تاماملاندى. تاقى ۋە راۋاقلار مۇسۇلمان ۋە چىن ئۇسلۇبىدا زىننەتلىنىپ زەر ھەل بېرىلدى. ھەيۋەتلىك سۇپىلارنىڭ سەھنىلىرى ئاجايىپ سەنئەت ۋە غارايىپ ئىختىرالىرى بىلەن باشقا بىنالاردىن پەرقلىق ھالدا ئايرىلىپ تۇراتتى.

① مۇستەھكەملەپ بېزەش، رېمونت قىلىش.

ئاۋۇالقى مۇنبەر ياغاچ ياغىچىدىن ئىشلەنگەن ۋە سۇنۇپ كەتكەنىدى. ساپ دىل ئەمىرنىڭ كۆڭلى مەرمەردىن ياساشقا مايىل ئىدى. ئۇلۇغ دەرگاھ مۇلازىملىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدىشىپ ئاخىرى خاف ۋىلايىتىدىن مەرمەرتاش تېپىشتى ھەم ئىگىسىگە رازى بولغۇدەك ھەققىنى بېرىپ، تاشنى شەھەرگە كەلتۈرۈشتى. ئۇستاز شەمسىددىن سەڭگتاراش بۇ تاشتىن مۇنبەر ياساشقا كىرىشتى. ئالىي نەسەبلىك ئەمىرنىڭ ھىممىتى سايىسىدا شۇنداق بىر مۇنبەر قۇرۇلدىكى، ئالەمنى بېزىگۈچى قۇياش خاتىب كەبى ھەر تاڭدا كۆپكۆك ئاسمان مۇنبىرىگە چىققاندا بۇ مۇنبەرنىڭ تەگدىشى ۋە ئوخشىشىنى تاپالماس ئىدى.

خۇلاسە شۇكى، ئۇشبۇ جەننەت مىسال مەسچىتنى بېزەش ۋە پەردازلاش ئىشلىرى پايانىغا يەتكەندىن كېيىن 905 ـ ھىجرىيە يىلى شەئبان ئېيىنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى چارشەنبە (1500 ـ يىل 13 ـ مارت) تەدبىر ئىگىسى ئەمىر ئەلشىر ئاش تارتىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ، خاتىپ، ئىمام، ۋائىزلار، مۇتەۋەللى خادىملار، ئۇستىلار ۋە ئىمارەت ئىشچىلىرى بۇ مۇراسىمغا چاقىرىلىپ زىياپەت مۇراسىملىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. تەخمىنەن يۈزدەك قابىلىيەتلىك كىشىنىڭ قامەتلىرى قىممەت باھا جۇۋا ـ چەكمەنلەر ۋە ھەر خىل لىباسلار بىلەن پۈركەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەۋەررۇك ئورۇننىڭ تام يۈزىنى مۇستەھكەملەش ۋە چىنداملىقلىقىنى ئاشۇرۇشقا ئىشارە قىلىندى. ئىمارەت ئىشچىلىرى ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنە تەييارلاش، ئۇستىلار بولسا ئۇلارنى ئىشقا سېلىشقا كىرىشىپ، ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا تەخمىنەن 14 جەرىب① مىقداردىكى بىنا تاملىرىنى ئىككى قەۋەت سۇۋاپ چىقتى. كۆڭۈللىرىنى بۇ ئىشلاردىن توختىتىشقا يېقىن ھىدايەتلىك ئەمىر يەنە بىر توي ـ زىياپەت ھازىرلىقىنى قىلىش توغرىسىدا پەرمان بەردى. مۇلازىملار دەرھال ئىشقا مەشغۇل بولۇشۇپ، ئەللىك تۇياق قوي ۋە توققۇز تۇياق ئات تەييارلاپ زىياپەتكە سەرپ ئەتتى...

بۇ ئەمىرنىڭ ھىممىتى بىلەن قۇرۇلغان ھەربىر مەسچىت توغرىسىدا ئالاھىدە تەپسىلات بېرىلسە بۇ قىسقا رىسالە ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا مەسچىتلەرنىڭ پەقەتلا ناملىرىنى ئاتاپ ئۆتىمىز: شەرىپۇلى ئىنجىل مەسچىتى، سەرى كۆچايى ئۇلۇغ ئاتا مەسچىتى، سەرى كۆچايى ئەمىر ئىسلام مەسچىتى، چارسۇيى ئەلائۇددەۋلە مەسچىتى، مەھەللەيى قەلەندەران مەسچىتى (باغى زاغان ئىچىدە)، مەھەللەيى تەرخەنىيان مەسچىتى، مەھەللەيى مىرئادىل مەسچىتى، پۇلى كارد جامەئ مەسچىتى، ھېيتگاھ قىشلىقىدىكى جامەئە مەسچىتى، سەرەخستىكى مەسچىت، قەراتى نۇرشىزدىكى مەسچىت، ئاسترابادتىكى جامەئە مەسچىتى، بۇلاردىن باشقا بىنا قىلىنغان بارلىق مەدرىسە، خانىقا ۋە راباتلاردىمۇ مەسچىت قۇرۇلغان...

...ئۇ ھەزرەتتە ياشلىق كۈنلىرى باشلىنىشتىن تا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىگىچە كۆڭلىدە مۇسۇلمانلىق ھەج پەرزىنى ئۆتەش ھەۋىسى ۋە خىيالىدا پەيغەمبەر قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش پىكرى ئورۇن ئالغانىدى. ھەر ۋاقىت ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە بۇ ئىشقا ھەرىكەت قىلاتتى ۋە قانچە قېتىم بۇ سەپەرگە رۇخسەت ئېلىش ئۈچۈن مۇبارەك ئايىغىنى ئۈزەڭگىگە قويۇپ سارايغا كىرەتتى، ئەمما ھەز قېتىمدا قۇدرەتلىك ساھىبقىراننىڭ ئىلتىماسى بىلەن قايتاتتى ۋە بۇ ئىستىكىنىڭ رويابقا چىقىشىدىن

① جەرىب ـــ جىسىملارنىڭ يۈزىنى ئۆلچەشتە قوللىنىلىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى. بىر جەرىب ـــ 760 كىۋادرات مېتىر.

قايتۇرۇلاتتى.

ھىجرىيە 904 (مىلادىيە 1498 — 1499) - يىلى سۇلتان ساھىبقىران مەملىكەتنىڭ بەزىبىر مەنپەئەتنى كۆزلەپ مەرۋىدە تۇرۇپ قالغانىدى. يەنە شۇ مۇبارەك سەپەر ئارزۇسى ئەسلىي پاك ئەمىرنىڭ خىيالىنى تامام ئىگىلەپ، مەۋلانا نىزامىددىن ئابدۇلھەيى تېۋىپنى رۇخسەت سوراش ئۈچۈن لەشكەرگاھقا ئەۋەتتى. ئۆزى بولسا: «ئۆتكەن يۈز مىڭلاپ كۈنۈم مۇشۇ سەۋدا بىلەن بۈگۈنگە ئۇلاشتى، ئەمدى قاراپ تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى» دېگەن بېيىت مەزمۇنىنى تىلغا ئېلىپ، سائادەتلىك ئالىملار، پازىللار ۋە مۇلازىملار بىلەن بىللە مەشھەد تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ جانابىنىڭ كېلىشى بىلەن شۇ يەرگە پادىشاھ ھۇزۇرىدىن مەۋلانا ئابدۇلھەيمۇ كەلدى ۋە زەپەر بايراقلىق ساھىبقىراننىڭ ئالىيجاناب ئەمىرگە يازغان مەكتۇپىنى تاپشۇردى. مەكتۇپ مۇنداق يېزىلغانىدى:

«سەلتەنەت تۈۋرۈكى، مەملىكەت تايانچى، دىن ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ تاللانغىنى، مەملىكەت ۋە مىللەت ساھىبلىرىنىڭ پېشۋاسى، خەيرلىك بىنالار قۇرغۇچىسى، پاكىز ئىشلارغا يول ئالغان، خاقانى دۆلەتنىڭ مەدەتكارى، سۇلتان ھەزرەتلىرىنىڭ يېقىنى نىزامىددىن ئەمىر ئەلىشىر جانابلىرىغا لۇتفىمىز كۆپ دۇئالار ھەمدە شەۋق قوزغاتقۇچى سالاملارنى يەتكۈزىمىز. پەيزلىك مۇلاقاتلىرى ئارزۇسى شەرھ ۋە بايان دائىرىسىدىن ئارتۇقتۇر. سوڭرا روشەن كۆڭۈللىرىگە مەلۇم بولسۇنكىم، جۈمە كۈنى رەجەب ئېيىنىڭ ئون بىرى (1499 - يىلى 23 - فېۋرال)دا ئۇلۇغ مەۋلانا ئابدۇلھەيى كېلىپ شەرىف مىزاجلىرىنىڭ كەيپىياتى، ساق - سالامەتلىك، ياخشى ھالەتلىرىنى يەتكۈزدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىش بىھەد شادلىققا سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ يېتىشىدىن ئىلگىرى كۆڭۈللىرىدە قارار تاپقان ھىجاز تەرەپكە جۈنەش توغرىسىدىكى خەۋەر ئېغىزمۇئېغىز كېلىپ تۇرار ئىدى، ئەمما ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئىشىتىلمىگىنى ئۈچۈن ئىشەنەرلىك بولماس ئىدى. لېكىن، ئاشۇ كىشى مەۋلانا ئابدۇلھەيى سۆھبىتىدە خوجا ئەفزەلۇددىن مۇھەممەدكە يېزىلغان خەت مەزمۇنىدىنمۇ مەلۇم بولدىكى، شۇ كۆڭۈللەردە تىلەك مۇستەھكەملىنىپ ۋە يېڭىلىنىپ، جۈنەش خىيالى جەزمگە ئايلانغان.

گەپ شۇكى، بارچىگە — بەلكى ئالەم ۋە ئالەم ئەھلىگە مەلۇمدۇركى، ئول جانابلىرى بىلەن بىرلىك - ھەمجەھەتلىك يۈزىسىدىن باغلىنىش ئالاقىسى ھەمدە ھەمنەپەسلىكىنى كىچىكلىكتىن شۇ كەمگىچە ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. ھەممە ۋاقىت ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا جانابلىرىنىڭ شەرەپلىك خاتىرىسىنىڭ رازىلىقىنى ئۆزىمىزنىڭ مۇددىئا ۋە تەلەپلىرىمىزدىن ھېسابلاپ كەلدۇق. ھەقىقەتەنمۇ شۇنىڭغا مۇقابىل ھالدا جانابلىرىنىڭ دۆلەتخاھلىق بەلگىلىرى، ئىخلاس، ياخشى پىكىردە بولۇش ۋە يېقىنلىق كەبى خىسلەتلىرى ئايان بولۇپ كەلدى. بۇ تەرەپ قۇياشتىنمۇ روشەن بولغىنى ئۈچۈن ئارتۇقچە تەپسىلگە ئېھتىياج يوقتۇر. ئۆزلىرى بىلىدىلاكى، ھېچقاچان ئوتتۇرىدا تەكەللۇپ ۋە ئۆزگىلىك بولماي، ھەممە ۋاقىت سۆز شۇ تەرىقە كېچەتتىكى، سەلتەنەت تايانچى بولمىش جانابلىرىنىڭ خاتىرىسىگە خەيرخاھلىق ۋە ياخشى پىكىردە بولۇش يولى بىلەن نېمىكى كەلسە توققۇز مەرتىگىچە ئۈنى ئېيتىشقا ئىجازەت بېرىلگەنىدى. بىزنىڭمۇ ھەممە ۋاقىت خاتىرىمىزگە نېمىكى كەلگەن بولسا، مېھرىبانلىق بىلەن ئىزھار قىلاتتۇق. مۇشۇ كەملەردە ساۋاب ئۈچۈن ھىجرەت قىلىشقا جەزم قىلغانلىقلىرى كۆڭۈلگە ئاللىقانداق ئېغىر چۈشۈشكە قارىماي، ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەلرەك ئىش تەسەۋۋۇر ئېتىلمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، جانابلىرىنىڭ رازىلىقىنى خۇسۇسىي مەنپەئەتىمىزدىن ئۈستۈن

قويىمىز، بېرىلگەن رۇخسەت ۋە ئىجازەتتىن قايتمايمىز، ئەمما كۆڭۈلگە نېمىكى كەلسە ئاگاھلاندۇرۇشىمىز لازىم. مەلۇمكى، بۇ خۇسۇستا يول تىنچلىقى شەرتتۇر، مەلۇم بولسۇنكى، شۇ كۈنلەردە ھەجگە ئۆتۈش يولى بولغان ئىراق ۋە باغداتتا ئەھۋال شۇ قەدەر پەرىشان ۋە بىقارار دۇر، مىسىر ۋە شام چېگرالىرىدىمۇ تۇرلۇك پاشباشتاقلىقلار مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئىشىتىلمەكتە. گەپ شۇكى، ئەگەر يول خەۋپى شۇ دەرىجىگە يېتىپ، كىمنىڭدۇر سەۋەبىسىز بىراۋغا قول سوزۇشى مۇمكىن بولغان تەقدىردە يولغا چۈشمەك ۋاجىپ كۆرۈلمەيدۇ. ئەگەر شۇ كۈنلەردە يول خەۋپىدىن بىرەر پىكىر خاتىرىگە كەلمىسە قانداق بولىدۇ؟ چۈنكى، ئۆزلىرى يوللار تىنچسىز بولغىنى سەۋەبلىك بىر ئاز ئالتۇن ئاقچا تەييارلاپ زۆرۈر بولغاندا — خەتەرلىك جايغا يەتكەندە مۇلازىملارنىڭ ھەربىرىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭدىن بىر ئازدىن بولۇشى كېرەك، دەپ ئېيتقاندىلە.

يەنە گەپ شۇكى، سەپەر ئۇزاققا سوزۇلۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۆمۈرگە ئىشەنچ يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ يەنە بىر مەرتە ئۇچرىشىپ، خەيرلىشىش قائىدىلىرىنى ئۆتىشىمىز كېرەك. شۇنىڭدەك بۇ ئىككى ئەھۋالنىڭ بولۇشى بىلەن بىللە، بۇ مۇقەددىمىلەرنىڭ يېزىلىشىدىن شۇنداق ئەندىشىمۇ باركى، مۇبادا مۇبارەك خاتىرىگە بىرەر غۇبار يېتىشىپ، بۇ سۆزلەردىن غەرەز ھەجگە بېرىشنى مەنئى ئېتىش ئىكەن دېگەن خىيال ئۆتۈلمىسە ئىكەن.

دائىمىي دۆلەتخاھلىق يۈزىسىدىن خاتىرىلىرىگە نېمىكى كەلسە، تەكەللۇپسىز ئېيتىۋەرسىلە، بىزگە ھەم بۇ خۇسۇستا خاتىرىگە نېمە كەلسە مەلۇم قىلىش لازىم كۆرۈلدى. باقىي، توغرا پىكىردە ئىختىيار ئۆزلىرىدە، ئىككى دۇنيا ياخشىلىقى ئۈچۈن نېمىكى لازىم بولسا تەقدىم قىلىپ تۇرۇلىدۇ. ئىككى دۇنيا سائادىتى يار بولسۇن، ۋەسسالام».

بۇ يېزىلغانلاردىن شۇ نەرسە ئېنىق كۆرۈنەر ئىدىكى، ئالىي ھەزرەت سۇلتاننىڭ كۆڭلى ئىككى ئوتتۇرىدا يەنە بىر بارە مۇلاقات ھاسىل بولۇشىغا مايىل ئىكەنلىكى تۇپەيلى، ھەزرىتى نەۋائىي ئۇ تەرەپكە جۆنەشنى كېچىكتۈرۈپ، يۈنىلىش بايرىقىنى مەرۋى تەرەپكە بۇرىدى. ئەمما، سەرەخس ئەتراپىغا چۈشكەن پەيتتە ئۇ تەرەپتىن پادىشاھمۇ يېتىشىپ، ئالىي دەرىجىلىك ئەمىر ئالىي قەدىرلىك ساھىبقىراننىڭ خىزمىتىگە يېتىشتى. ھېچقانداق مۇبالىغىسىز، ھەشەمەتلىك پادىشاھ ھىدايەتلىك ئەمىرنىڭ مۇلاقىتىگە ئېرىشىش سەۋەبلىك شۇ دەرىجىدە شادۇ خۇررەملىك ئىزھار قىلدىكى، ئەگەر مىڭدىن بىرى ياكى ئازراقلا بىر قىسمى بايان قىلىنسا، لاپ ئېيتىۋاتامدىغاندۇ دېيىلىشى ئېنىق. ئالىي دەرىجىلىك ئەمىر ئۇلۇغ قارارگاھتا ئۈچ كۈن تۇرۇپ، پادىشاھقا، شاھزادىلەرگە ۋە ھەرەم ئەھلىلىرىگە ئاجايىپ چاپقۇر ئاتلار، يۈك توشۇر تۆگىلەر، بىھېساب مالۇ مەبلەغ تارتۇق قىلدى. ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر، سەدىرلەرنى، بەلكى پادىشاھ دەرگاھىدىكى مۇلازىملارنىڭ كۆپچىلىكىنى ئىنئامۇئېھسان مېۋىلىرى بىلەن مەمنۇن قىلدى. ئاندىن ئەئلا ھەزرەتكە ئەرز قىلىپ دېدى: «سىز بىر چاغدا ئېيتقاندىڭىزكى، مەن پادىشاھلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن قول تارتىدىغان بولسام، شەيخ نەجمىددىن كۇبرا مازارىدا تۇرىمەن ياكى خوجا ئابدۇللا ئەنسارىي ئاستانىسىنى سۈپۈرگۈچى بولىمەن، دەپ. ئەمدىلىكتە بۇ ئىش سىزگە مۇيەسسەر بولمايدۇ. ماڭا بولسا ھىجاز سەپىرىگە خاھىش ۋە رىغبەت بىلەن ئىجازەت بەرمەيسىز. شۇنداق بولغاچقا، ئەمدى رۇخسەت بەرسىڭىزكى، سىزنىڭ ۋاكالەتچىلىكىڭىز بىلەن قالغان ئۆمرۈمنى ئەنسارىيە ئاستانىسىنى سۈپۈرۈشكە سەرپ قىلسام، مۇلازىملىق ئىشلىرىدىن تامام ئازاد بولسام، چۈنكى

قىرىلىق مادارسىزلىقى ۋۇجۇدۇمغا تەسىر كۆرسىتىپ، قۇۋۋەت كەتكەن، بەدەن زەئىپلەشكەنلىكى بىلىنىشكە باشلىدى.»

ھەزرىتى ساھىبقىران لۇتفۇ مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ۋە بۇ ئىلتىماسنى ياخشى قوبۇل قىلىپ دېدىكى: «مادامىكى، سىز خۇراساندا تۇرار بولسىڭىز، ھەرقانداق ئىلتىماسىڭىز ئورۇنلىنىدۇ. چۈنكى، ئېنىق بىلىمەنكى، ئەگەر سىزنىڭ شەرەپلىك ۋۇجۇدىڭىزدىن بۇ مەملىكەت خالىي قالسا، كاتتا ـ كىچىك بارچە خالايىقنىڭ ئەھۋالىدا يامان ھال يۈز بېرىدۇ». شۇ ئاندا ساپ كۆڭۈل ئەمىرنىڭ قاۋۇل قامىتىنى تۈگمىلىرى ئالتۇندىن بولغان زەر جىيەكلىك قارا قۇندۇزىي تون بىلەن بېزىدى ۋە پايتەخت ھىراتقا قايتىشقا ئىجازەت بەردى.

ئۇ ھەزرەت نەۋائىي مەزكۇر يىلنىڭ شەئبان ئېيى ئوتتۇرىلىرىدا (1499 ـ يىلى مارت ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى) يەنە بىر قېتىم پەخىرلىك شەھەر ھىراتنى ئۆزىنىڭ مۇبارەك چېھرىسى بىلەن نۇرغا تولدۇردى. شۇ سەۋەبتىن مەشايىخ، سەيىد ۋە ئالىملاردىن تارتىپ بارچە ئاھالە ۋە پۇقرا غايەت شادۇ خۇرام بولدى... شۇ ئەسنادا ھىدايەتلىك ئەمىرنىڭ كۆڭلى ئەنسارىيە ئاستانىسىدە كاتتا يىغىلىش قىلىپ ھىرات شەھىرى ئۇلۇغلىرىنى مېھمان قىلىشنى، ئۇلاردىن پاتىھە سوراشنى تىلەپ قالدى. مۇلازىملىرى چاقىرىق مەرىكىسىنى تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، يەتمىش بەش قوي، يىگىرمە ئات ۋە ئوتتۇز پاتمان قەنت سەرپلىدى. باشقا خىراجەتلەرنىمۇ شۇنىڭغا مۇۋاپىق قىياسلاش مۇمكىن...

ئاشۇ يىلى ئۇلۇغ ئەمىر كۆپ ۋاقىت گۇزەرگاھتا بولدى، ئەنسارىيە ئاستانىسىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە خانىقا بىنا قىلدى، ئىمكانى بارچە ئۇ ئۇلۇغ زات مازىرىنىڭ ئابادانلىقىغا كۈچىدى. ئەمما، شۇنىڭغا قارىماستىن ئىككى ھەرەمگە بېرىش ئارزۇسى، ھەزرىتى پەيغەمبەر قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىش خىيالى قۇتلۇق ئەمىرنىڭ دىلىدىن زادىلا كەتمىدى. شۇ يىلى بىرنەچچە بارە بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ھالدا ئالىي دەرىجىلىك ساھىبقىراندىن رۇخسەت تەلەپ قىلدى ۋە ئۇ ھەزرەت ھەر قېتىم رازىلىق بېرەر، ئەمما يەنە پۇشايمان قىلىپ، ساپ دىل ئەمىر مەنزىلىگە تەشرىپ بۇيرۇپ، توختاپ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلار ئىدى. ئاخىرىدا سۇلتان ئۆزىنىڭ مۇبارەك كۆڭۈل خاھىشىدىن كەچتى ۋە ئىجازەت بېرىپ يول پەرمانىنى مەرھەمەت قىلدى. ئەمما، بۇ ھۆكۈم قولغا كىرگەندە ئاپتاپ جەۋزا ئاخىرلىرىدا ئىدى. ھاۋا ھارارىتىنىڭ شىددىتى سەۋەبلىك سەپەر ناھايىتى قىيىنغا چۈشەتتى. شۇڭا، ئىككى ھەرەمگە جۈنەشنى سۇمبۇلە ئېيىنىڭ باشلىرىدا باشلاشقا قارار قىلىندى.

شۇ ئەسنادا زەپەر بايراقلىق ساھىبقىران شاھزادە ھۇسەيىن مۇھەممەد مىرزىنىڭ باش كۆتۈرگىنى سەۋەبلىك ئاستراباد تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. ھىدايەتلىك ئەمىر نەۋائىينىڭ مۇلازىملىرى زور غەيرەت بىلەن ھىجاز سەپىرىگە ھازىرلىق كۆرۈشكە مەشغۇل بولۇشتى. ئالەمنى كەزگۈچى مىرىيخ ئاتارۇدنى ئۆز قولى بىلەن مۇنەۋۋەر قىلغاندا ھاۋادا بىر ئاز مۆتىدىللىك پەيدا بولدى. ئالىي ھەزرەت نەۋائىي 906 ـ يىلنىڭ مۇھەررەم ئېيى ئاخىرىدىكى چارشەنبە كۈنى (1500 ـ يىل 25 ـ ئاۋغۇست) ئاتلاندى ۋە شۇ يۈرۈش بىلەن ئەينۇلھەياتتا چۈشۈپ، جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئۇ يەردىن مەشھەد تەرەپكە، بەلكى ئەڭ مۇقەددەس ۋادىغا راۋانە بولماقچىدى. لېكىن، شۇ ئەسنادا ساغلام كۆڭۈلگە يېقىلمىسىز بولغان ھادىسىلەر يۈز بېرىپ، نۇجۇم (يۇلتۇز) ئۆلىمالىرى ھۆكمىگە كۆرە بەختلىك سائەت بولغان سەپەر ئېيىنىڭ

سەككىزىنچى كۈنى پەيشەنبە (1500 ـ يىل 3 ـ سېنتەبىر) كۈنى ئۇ يۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش خىيالى بىلەن شەرەپلىك مەنزىلگە قايتتى. ئەمما، مەزكۇر ئاينىڭ ئون ئىككىنچىسى (7 ـ سېنتەبىر) جۈمە كۈنى ناماز ئاداسىدىن كېيىن ماشايىخ، ئۆلىما ۋە ئەھلى ئىرشاد جۈملىسىدىن شەيخ جالالىددىن ئەبۇ سەئىد پۇرانىي، جانابىي شەيخۇلئىسلام سەيپىددىن ئەھمەد تەفتەزانىي، شەيخ سوفى ئەلى، مەۋلانا مۇئىنىددىن فەرەھىي، مەۋلانا كامالىددىن ھۇسەين كاشىفىي، مەۋلانا ھەمىدۇددىن تەبەدكانىي، خوجا ئىمادۇددىن ئابدۇلئەزىز ئەبھەرىي، سەييىد ۋە نەقىبلەردىن ئەمىر قەۋامىددىن ھۇسەيىن مازەندەرانىي، ئەمىر جامالىددىن ئەتائۇللاھ ئەسلىي، ئەمىر نىزامىددىن ئەبۇلقادىر، ئەمىر شەمسىددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەمىر يۇسۇف رازىي ھەمدە ھىرات شەھىرى ۋە ئەتراپىنىڭ باشقا ئەئيانۇ ـ ئەشرەپ، رەئىس ـ ئاكابىرلىرى ئۇل ھەزرەتنىڭ خىزمىتىگە يېتىشىپ ئەرز قىلىشتىكى: «سىزنىڭ پەيز بەرىكەتلىك زاتىڭىز خۇراسان ئۆلكىسى تىنچلىقىنىڭ ۋە ئىنسانلار ئاسايىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ دىيار سۇلتان ساھىبقىران ۋۇجۇدىدىن خالىيدۇر. ئەگەر يۇرت سىزنىڭمۇ مۇبارەك پەيزلىك نۇرىڭىزدىن چەتتە قالسا، مۇمكىنكى، پىتنىلەر يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ خاتىرجەملىكى ئىمكانسىز بولۇپ قالغۇسىدۇر. بولۇپمۇ ئۆزبېك پادىشاھى شەيبانىخان ماۋەرائۇننەھرنى ئىستېلا قىلغان، ئەمدى ئۇنىڭ ئامۇدىن ئۆتۈش خاھىشى بارلىقى مەلۇم. شۇ كەمدە يەنە ئىراق ۋە شام ئەھۋالى غايەت پەرىشان ۋە يوللار ناھايىتى تىنچسىز بولغانلىقتىن شەرىئەتتىمۇ مۇنداق پەيتلەردە ھەج ۋاجىپ ئەمەستۇر. بۇ پېقىرلەرنىڭ ئىلتىماسى شۇكى، يەنە بىر بارە خۇراسانلىقلار جېنىغا ياخشىلىق قىلىپ، بۇ يىل ھەج سەپىرى نىيىتىدىن قايتسىڭىز ۋە بۇ خەيرلىك ئىش ساۋابىنى يەتمىش بارە پىيادە ھەج قىلغاندىن ئارتۇق بىلسىڭىز.»

قۇدرەتلىك ئالىي ھەزرەت مۇلايىملىق بىلەن دېدىكى: «بارچىگە، بەلكى ئالەم ۋە جاھان ئەھلىگە روشەن ۋە مەلۇمكى، ئۇزاق مۇددەت ۋە ۋاقىتلاردىن بېرى مۇبارەك سەپەرنى ئۆتەش ھەۋىسى باشتا ۋە شۇ پىكىر كۆڭۈلدە مەھكەم ئورنىشىپ قالغان. ھەر سەپەر ئۇ تەرەپكە جۈنەش نىيىتى ئۈستىدە ھالى قۇدرەت ھازىرلىق كۆرۈلۈشكە باشلىغاندا ساھىبقىران ئۆزرىسى بىلەن توختاپ تۇرغانىدۇق، ۋاھالەنكى، بۇ قېتىم پۇختا خىياللار بىلەن ئىجازەت بېرىپ، مۇبارەك پەرمان مەرھەمەت قىلىنغان، ئۆزىمىز ھەم مۇلازىملارنىڭ ھازىرلىقى ئۈچۈن كاتتا مەبلەغ سەرپ بولغانىدى... شۇنداق بولسىمۇ (مۇئمىن قەلبىگە خۇرسەنچىلىك كىرگۈزۈش پۈتۈن ئىنسانلار ئىبادىتىدىن خەيرلىكرەكتۇر) دېگەن سۆز تەقەززاسى بىلەن ئىلتىماسلىرىڭىزنى قوبۇل قىلۇرمىز ۋە ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن بۇ سەپەرمۇ ھەم ئۆزىمىزنى بۇ خاھىشتىن قايتۇردۇق». بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىش بىلەن ھەممىدە بىنىھايەت مەمنۇنىيەت ھاسىل بولۇپ، سۆيۈنچ ۋە شادلىق بىلەن ئۆز جايلىرىغا قايتىشتى. ئالىي دەرىجىلىك ئەمىرگە بولغان ئىخلاس كەمىرىنى قايتىدىن جان بەللىرىگە باغلاپ، ئېغىزلىرىنى دۇئا ۋە ساناغا ئېچىشتى.

ئاشۇنداق سەۋەبلەرگە بىنائەن ئۇ ئالىي ھەزرەتكە مەككەئە مۇكەررەمەگە ۋە مەدىنەئە تەييىبەگە يېتىشىش سائادىتى ھاسىل بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپلىگەن پاكىز ئېتىقادلىق ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەرنى كۆپ ياخشىلىقلار قىلىپ ئۆز تەرىپىدىن ھەج قىلماق ئۈچۈن ئەۋەتتى. بۇ خۇسۇستا ئاشۇ شەرەپلىك ئۇلۇغلار نامىغا مەكتۇپلار يوللىدى.

# دىۋانى ھەيرەتىي*

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىن تۆمۈر

ئىشق ئەھلىغە ھەرىفى رىند ھوشيارى كېرەك،
شاھى لەۋەند خانەئى پەرۋاز تەلەبكارى كېرەك.

يارنىڭ كويىدا يەتكۈنچە بەسى مەنزىل ئېرۇر،
بىتەۋەققۇف ئۆتكەلى ئاندىن خەبەردارى كېرەك.

ئاشىققا ئەگەر ئىزدەسەڭ قولۇڭغا ئادىل يەنە...
ئەشكى سۇرخۇ رۇيى زەررۇ دىيدەئى زارى كېرەك.

خۇبلۇق باغىدا گەر يۇسۇفلار ئولدى جىلۋەگەر،
بىر شۇناسا گەۋھەرى راغىب خەرىدارى كېرەك.

ئىزدەگەن زىكرىن فەنا ئىچرەكى قولغاي ئاقىبەت،
تۇشەئى كۇنجى قەنائەت گوشەئى ئارى كېرەك.

بولغالى بىر ھەلقەئى ئەھلى جۇنۇن ئۇششاق ئارا،
بەندى زەنجىرى مەلامەت ھەلقەئى دارى كېرەك.

چەشمە ئەترافىدا ئۈنگەن سەبزەدەك كىرفىك ئارا،
ۋەقت ئەندۇھى بەلايى يارۇ غەمخارى كېرەك.

لۇتف ئېتىپ ئالۇرغا كۆڭلۇم مۇلكىنى تەسھىر ئىلە،
دىلبەرى سىيمىنبەرىيۇ ئىشۋە ئەييارى كېرەك.

---

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

سەگلەرنىڭ ئىشكىنى كۆپ ياستانۇرمەن يار ئۇچۇن،
مۇددەئى بىھۇدە ئايتۇر ھەيرەتىي ئارى كېرەك.

* *

ئەي بەرادەر، ياتماغىل ۋەقتى سەھەر بىماردەك،
تاڭلا سۇد ئەتمەس نەدامەت، تولغانۇرسەن ماردەك.

كېچەلەر بىدار بول، ئورنۇم ئەگەر بولسۇن دېسەڭ
رەۋزەئى جەنناتى تەجرى تەھتىھەل ـ ئەنھاردەك.

ھەق رىزاسىن ئىزدەسەڭ قىلغىل رىيازەت ئىختىيار،
مۇندا راھەت ئىزدەگەنگە ئاندا كۆپ دۇشۋاردەك.

قىسسەئى فىرئەۋن ئىلە قارۇندىن ئالغىل ئىبرەتىي،
ھەيدەرى كەرراردەك يا جەئفەرى تەيياردەك.

كىرسە دىباچىغە ئەرمەس سۇڭال ئەردى تاكلار،
ئىزدەگەن دۇنيادا ئىززەت ئاخىرەتدە خاردەك.

جەيبىغە دۇنيا ئۇچۇن تاكى يۈرۈرسەن ھەيرەتىي،
نەفسى مۇردار ئارقاسىدا چۇن سەگى دەمداردەك.

* *

ئاھ يۈز مىڭ ئاھكىم، ئۇمر ئۆتتى بەرقۇ باددەك،
تەڭرىنى ياد ئەتمەدىم غەفلەتدە قەۋمى ئاددەك.

ئاھكىم بىچارە مەن دۇنيادا مەن مەستى غۇرۇر،
باش قويۇپ مەن راستى دەيرى خەراب ئابباددەك.

ئاھكىم، بولغۇمدۇر ئاخىر تۇفراغ ئاستىدا نىھان،
كۆپ ئىمارەتلەر قىلىپمەن دۇنيادا شەدداددەك.

ئاھكىم، مەنلىك تالاشىپ ئەيلەدىم كىبرۇ ئىناد،
دۇنياغا باغلاپ كۆڭۈل فىرئەۋنۇ كەيقۇباددەك.

ئاھكىم، شىرىن لەبىڭنىڭ ھەسرىتىدە، ھەيرەتىي،
ئۆزلۈكى تاغىن كېسەلمەي ئۆلگۈسى فەرھاددەك.

* *

ئەي ياقاڭدۇركىم فەلەكنىڭ بۇردەسىدىن چاكرەك،
ئارەزىڭ سۇبھۇ شەفەق رەڭگىدىن ئاتەشناكرەك.

ھۇسن باغىدا ئاچىلغان گۈل ئاياغىن ياستانىپ،
بارچە خار ئۇلسا چەمەندەيىن داغى خاشاكرەك.

كافىرى چىنۇ فەرەڭۇ ھىندۇ يابىل سىھرىدىن،
غارەتى ئىمان قىلۇرغا كۆزلەرىڭ چالاكرەك.

نازۇ ئىستىغنا جەفا پەيكانىدىن مۇھلىك ئېرۇر،
غەمزە تىغىدىن تەغافۇل خەنجەرى چىغاكرەك.

خۇبلار كۈيىدا ئۇستاد ئۇلدى ۋۇجۇدى پاكلار،
يوقدۇرۇر بۇ يولدا مىسكىن ھەيرەتىيدىن پاكرەك.

* *

فىغانكى لازىمەئى ئىقتىزايى دەۋرى فەلەك،
بىر ئەردى جىسىم ئىلە جانىم ئەردى ئىككى ھەلەك.

سەمادىن ئەيلەگەي ئەل تاجى رىفئەتىن بالا،
قىلۇر خۇسۇسى مەلامەتدە خاكپايى سەمەك.

بەشەركى شىردىن ئېرۇر ئەل ئەۋامۇكەل - ئەنئام،
ئەگەر بەشەر ئېرۇر فەزلىدىن ۋەگەر خاسى مەلەك.

يېمەكدە ئازغە قەنائەت نەمەكدۇر، ئەي دانا،
كى يەم پىشابەئى غەمدۇر يېمەك مىسالى يېمەك.

چۇ بىئىبا يېدى گەندۇم، نى كەلدى ئادەمغە،
كى ھەيۋان ئىشىدۇر ئالدىغە ھەرنە كەلسە يېمەك.

دېمەسدىن ئېلگىرى سۆزنى بەسى تەئەممۇل قىل،
ئاغىزغە ئەھمەقۇ نادان ئىشى نې كەلسە دېمەك.

غەرىب كىشۆەزى ئىشق ئولدىلار شۇناپەرۋەر،
بەلايى مىھنەتۇ غەمدۇر ئاڭا تاغاۋۇ ئەمەك.

جەھاندا ھەيرەتنى مەقسۇد چىھرەسىن كۆرمەي،
بۇ نەۋئ يوقدۇرۇر قاتتىغ ئەمگەكۇ ئاچىغ ئۆلمەك.

* *

كىم دېدى جان بىرلە بول ھۇسن ئەھلىغە يار، ئەي كۆڭۈل،
ھەم ئۆزۈڭنى ھەم مېنى قىلدىڭ بەسى زار، ئەي كۆڭۈل.

دانەئى خالىن كۆرۈپ تۈشتى كەمەندى زۇلفىغە،
دامغە تۇشكەن قۇش كەبى بولدۇم گىرىفتارى، ئەي كۆڭۈل.

نە ئىشىڭۇ بەندىمۇ نې ئەيلەدىڭ ئەرزىم قەبۇل؟
ئەلۋىدائ ئەيلەرمەن ئەمدى تاشقارى بار، ئەي كۆڭۈل.

سەن كېتەرسەن ھەر تەرەف سەبرۇ قەرارىم ئەيرەشۇر،
ئەمدى قويغىل ھەر يەر ھەر يانە ئىزىڭ بار، ئەي كۆڭۈل.

بەلكى جانان غەم ئېلىكىدەدۇرۇر، جان رىشتەسى
بىر كەلابە يىپ بىلە يۇسف خەرىدار، ئەي كۆڭۈل.

بىئەدەد كەلدى باشىڭغە سەن تۈزۈپ غەم لەشكەرى،
نې بەلالىغ بولمادىڭ بىر لەھزە بىدار، ئەي كۆڭۈل.

ھەيرەتنى بولدى سېنى دەپ خەلق ئارا ھەيرانۇ زار،
بىر - بىرىمىزدىن بەتەر بولغايمەن ئەفكار، ئەي كۆڭۈل.

* *

نەۋ بەھار ئەييامى بولغاچ، باغ ئارا ئاچىلدى گۇل،
يەتتى چۇن بادى خەزان تۇفراقغە ساچىلدى گۇل.

بەرگى نارۇ گۈلشەنى دۇنياغە مەغرۇر ئۇلماغىل،
كۆر نىچۇك بىر نەچچە كۈندە بەرگىدىن ئايرىلدى گۈل.

بىلمەدىلەر باغبانلار گۈل ياقاسى چاكىنى،
ئۆز ئەزاسىنى تۇتار ھەر ئىقتىزاسى ئەردى گۈل.

ھەر سەھەر بادى سەبا ئۆتكەندە گۈللار خۇش كۈلەر،
گۇييا غافىللار ئەھۋالىن تەغافۇل قىلدى گۈل.

ھەيرەتىي ھەركىم جىگەر خۇن بولسا ئاخىر غۇنچەدەك،
نەۋ بەھارى ۋەسلىدىن كۆڭلى ئارا ئاچىلدى گۈل.

*　　　*

نەۋ بەھار ئەييامى يەتكەچ، خەلق ئارا ئاچىلدى گۈل،
مايىل ئۇلدى خاتىرىم يارىم بىلە ئىچمەككە مۇل.

نىگە يەتمىش خەستە كۆڭلۇمگە مۇھەببەت رىشتەسى،
ھەلقەئى زۇلفىدىن ئەتمىش بويىنىغە زەنجىرى غۇل.

دەفتەرى ھۆسنى جەمالىڭدىن گۈلى يافراغىنى،
ئارىف ئۇلدۇركىم قىلۇرلار جوزۋىدىن ئىزھارى گۈل.

ھەيرەتىي گەر يەتتى مەنلىك كەئبەئى دىلدىن چىقار،
تاپتى ئىبراھىم سەبىل سىندۇردى چۇن لاتى سۇبۇل.

*　　　*

تىكەن زەخمىغە گۈل دەۋرىدە بۇلبۇل،
سۇراھى بوغزىدىن ئاۋازى قۇل – قۇل.
تەھەممۇلدۇر تەھەممۇل.

كەل ئەي زاھىد، ۋەرەئدىن ئەيلە تەۋبە،
تەرىقى ئىشق ئارا ھەركىمگە باردۇر،
تۇتۇپ ھەر دەم گىرىبانى تەۋەككۇل.
گۈلىستان ئۇلماسا سەرۋ ئىلە سۇنبۇل.

كىچىپ ئۆزدىن ئىچىپ بىر جامى ۋەھدەت،
تاپاركىم يۈز نەۋا جان بۇلبۇلىغە،
فەنا دەيرىدە بىر ساھىب تەھەممۇل.
جەمالىڭ ئەۋجىدە ئاچىلدى گۈل – گۈل.

گەدايى كۈيۈڭ ئۇلماق ھەيرەتىيغە
ئىشتكەچ ئىچەرەم مەن ۋۇرۇ بادە، زىھى بەختۇ زىھى تەختى تەجەممۇل.

گۈلدىن ئايرىلدى بىنەۋا بۇلبۇل، گۈلگە گويا تۇتار ئەزا بۇلبۇل.
خار زەخمىگە مۇبتەلا بۇلبۇل.
ھەر سەھەر گۈلشەن ئىچرە فۇرقەتدىن،
خارۇ خەس گۈلگە ھەمنىشىن بولدى، باشلادى تۇرفە ماجەرا بۇلبۇل.
ئەيلەدى كۆكرەكىن يارا بۇلبۇل.
دەيدۇ: ئەي گۈل ۋىسالىغە مەھرۇم،
زاغلار گۈلنى ئاشيان كۆرگەچ، نالەشكىدۇر نەدىن، ئايا بۇلبۇل.
ئول سەبەبدىن كىيەر قارا بۇلبۇل.
ئايدىكىم ھەيرەتىي بۇ غەم بىلەدۇر،
گۈل غەمىدىن تەمام ئۆرتەندى، گۈلدىن ئايرىلدى بىنەۋا بۇلبۇل.

* *

ئەي جەنابىڭ پەردەسى ئىززۇ جەلال، سۇرەتىڭ بىمىسل ھۇسنۇڭ بىبەدەل،
لەميەزەل ھۇسنۇڭ، جەمالىڭ لايەزال. قامەتىڭ بەرھەددۇ قەددىڭ بەركەمال.

لەم يەلىد قەددىڭ، ۋەلەم يۇلەد يۇزۇڭ، ئادەمۇ ھۇرۇ فەرىغە سىغمادى،
تەلئەتىڭ سۇبھانەھۇ جەللى جەلال. بىنىھايەت مۇنچەئى ھۇسنۇ جەمال.

فەھم يەتمەس ئاندىن ئەتمەس جۇستۇ جۇ، تائەبەد ھۇسنۇڭغە يوقدۇر ئىنتىھا،
ئەقل سىغماس چەندۇ چۇنۇ قىلۇ قال. نى زەۋالۇ نى كىلابۇ نى مەلال.

تىلغا سىغماس ئارەزى ۋەسفىدە سۆز، ھەيرەتىي ھۇسنى جەمالىڭ شەۋقىدە،
مەن ئەرەفە كەل لىسانى ۋەسفى ھال. كۆردىيۇ ئۆرتەندى مانەندى ھىلال.

* *

مەن نە بەستى بادەئى سەرسارى ئەنگۇر ئولمىشام،
بەلكى بىخۇ بادەئى ئىشقىدە مەنسۇر ئولمىشام.

ھەر زەمان ئەھلى مۇھەببەت كۆڭلىنگە باشلاپ سۇرۇر،
گاھى جەننەت گاھى رۇئيەت ھەم گەھى تۇر ئولمىشام.

گەھ فەنا دەرياسىغە تاشلاپ تەئەللۇق رۆز مەن،
گاھ نۇھۇ گاھى تۇفان گاھى بىنۇر ئۆلمىشام.

لۇتفۇ قەھرىدىن تاپىپ ھەر لەھزە دىگەر نەشئەئى،
گاھى نۇشۇ گاھ نىشۇ گاھى زەنبۇر ئۆلمىشام.

پەردەئى ئەلھان ئارا ھۇسنى مەلاھەت جىلۋەگەر،
گاھى نەي، گاھى رەبابۇ گاھى تەنبۇر ئۆلمىشام.

ھەيرەتىي باشىغە كەيفى بادە زور ئەتكەن زەمان،
پادىشاھى كىشۋەرى جەمشىدۇ فەغفۇر ئۆلمىشام.

* *

زىبا سەنەمى يول ئۇزە كۆرگەچ تۇرا قالدىم،
نەززارەسىدىن مەھۋ بولۇپ ئۇلتۇرا قالدىم.

سەييارە سىفەت كېچە تاڭ ئاتقۇنچە يۈگۈردۈم،
سەد شۈكرىكى ئايدەك يۈزىنى بىر كۆرە قالدىم.

غەم تاغىدا فەرھاد كەبى ئەمگەلۈر ئەردىم،
باشىمغە قىزا تىشەسى تەگدى تۇرا قالدىم.

گۈل شىشەسىدىن ساف نەزاكەت مەيى ئەردىم،
پۇر خارە ژەلى تارەچە قىلدى سىنا قالدىم.

ئەرش ئۈستىدە ئول ئەرشىئى شەھبازنى كۆرگەچ،
نە مىھرىداغى جان قۇشىدەك تالپىنا قالدىم.

ھەيرەت يولىدا ھەيرەتىي ھەيران يۈرۈر ئەردىم،
ئول كەئبەئى مەقسۇدنى كۆرگەچ يانا قالدىم.

* *

نې ئەجەبدۇركىم ئاڭا مەن زار بولسام بولسام،
ھەمدەمىمدۇر مەن ئاڭا ئەغيار بولسام بولسام.

مەن ئانىڭ ئىشقىدا زار ئۆلسام نىچۇك پەرۋاسى بار،
كۆيىدا چۇن مەن سەگى نې خار بولسام بولسام.

گۇل گۇل ئاچىلدى جەمالى خۇبلۇغ باغى ئارا،
چەندە ئەيلەر ئەردىكىم يىغلار بولسام بولسام.

ئول شەھىنشاھى ھەقىقەت بەندەسىدۇر شاھلار،
مەن گەدا ئىشكىدە خىزمەتكار بولسام بولسام.

لەبلەرىدىن جان ئالۇر مىژگان ئوقىدىن خەستەلەر،
يوقدۇرۇر پەرۋاسى مەن بىمار بولسام بولسام.

نازۇ ئىستىغنا مەلاھەت رەخنەنىڭ سەرمايەسى،
بارمۇدۇر نۇقسان ئاڭا مەن يار بولسام بولسام.

نەرگىسى غەمخارىدا ناز ئۇيقۇسى بولغايمۇ كەم،
كېچەلەر سەيياردەك بىدار بولسام بولسام.

بەندەدۇرمەن ئىلتىفات ئول شاھ قەتلە قىلما،
مەن كۆيەرمەن مەھرەمى دىيدار بولسام بولسام.

دەردۇ غەم ئىككى مۇۋافىق يارىم ئولدى، ھەيرەتىي،
مۇنىسىمدۇر مەن ئۇلارگە يار بولسام بولسام.

*   *

ئەييۇھەل ئۇششاق بۇيى ۋەسلى جان كەلتۇرمىشەم،
بىر گۇلى رەئنا جەمالىدىن نىشان كەلتۇرمىشەم.

گەۋھەرى دەريايى جەمئۇل ـ جەمئىنىڭ غەۋۋاسىمەن،
نەچچە دۇررى مەئنى ئەھلىغە ئەيان كەلتۇرمىشەم.

ئىستەرەم بىر ئاشىقى رىندى خەرابات ئەھلىدىن،
جۇرئەئى جامى شەرابى ئەرغەۋان كەلتۇرمىشەم.

بەئدۇ بەئدەل مەۋت ئەمۋاتى كۆڭۈل ئەھياسىغە،
سۇرى ئىسرافىل نەفىھى بىرلە جان كەلتۇرمىشەم.

مۇسىنى دىلغە ھىدايەت خىزرىنى تەۋفىق ئۇچۇن،
مەجمەئۇل ـ بەھرەين دەرياسىن رەۋان كەلتۇرمىشەم،

گەھ دىن ئايرىلماقغە دانە خىرمەنى ھەستى ئارا،
فەقرغە بالى فەنادىن يادبان كەلتۇرمىشەم.

دانەئى تەنغە رىيازەت ئاسى بىرلە ئۇن قىلىپ،
لەشكەرى ئەرۋاھ مىھمانىغە نان كەلتۇرمىشەم.

ئىيسائى فەيزى ئىنايەت ئاسمانىدىن ئىنىپ،
مەرھەمى مىھرىدە مۇئجىزى بەيان كەلتۇرمىشەم.

نۇقتەئى خەتمى نەبۇۋۋەتكىم كۆرۈرلەر دەردى جوي،
نامەئى پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان كەلتۇرمىشەم.

مۇنبەرى شەرئى نەبۇۋۋەت ئۇزرە سىددىق ئۇرغالى،
خۇتبەئى تاھاۋۇ ياسىن دەرمىيان كەلتۇرمىشەم.

دەررەئى تەھدىدى ئىسلام ئۇرغالى فارۇقدىن،
فەرقى ئەئدا ئۇستىگە كىم بىر گىران كەلتۇرمىشەم.

دەفتەرى تەنزىلى قۇرئان زىينەتى ئەۋراقىنە،
جەبھەئى ئۇسمانى زۇننۇرەين قان كەلتۇرمىشەم.

ئىلمى شەھرىدە بەنى ئەمما ئەلىيى بابەھا،
كەرەم ئەللاھ ۋەجھىدىن فەتھى بەيان كەلتۇرمىشەم.

شاھىدا، ئاخىر شەھىدىن ئول شەھىدى كەربەلا،
ئادەمى ئۇقبا شەھىدى ئىنسۇ جان كەلتۇرمىشەم.

قۇررەتۇل ئەينەين سەتتىنى بەنى ئەھۋالىدىن،
سەييىدىل ـ كەۋنەين ۋەسفىغە نىشان كەلتۇرمىشەم.

تەشنەئى دەشتى بەلا ئول خادىمانى مۇستەفا،
مەدھىدە بىر نۇكتەئى رۇتبەل ـ لىسان كەلتۇرمىشەم.

زەھرەئى زەھرا، سەماۋاتى رىسالەت، قۇتبى دىن،
ئول ھەسەن بىرلە ھۇسەينى فەرقدان كەلتۇرمىشەم.

زىينەتى شەرئى نەبى ئەۋسافى زەينۇل ـ ئابىدىن،
مۇستەفا ئەتۋارىغە شەرھى بەيان كەلتۇرمىشەم.

ھەيف ئەئدا ئىچرە ئەزم ئەيلەركى نافەرجامدىن،
قەتئى قىلمەن قەبردىن ئەيلەپ ئەيان كەلتۇرمىشەم.

جەئفەرى سادىقغە كۆڭلۈم سىدقىدىن بەرگەي تانۇق،
ئىككى كۆز ئەشكىن نەسىمى تەۋئەمان كەلتۇرمىشەم.

مۇسىئى كازىم زەمانىدىن ئەيلەپ دەفتەرى،
جۇملە ئەھلۇللاھغە گەۋھەر نىشان كەلتۇرمىشەم.

ئافتابى مەئرىفەت شەمئى سەرىرى سەلتەنەت،
ھەزرەتى مۇسا رىزا قۇتبى جەھان كەلتۇرمىشەم.

ئول ئىمامى مۇتتەقى ئالىي نەسەب يەئنى تەقىي،
ئەۋلىيالار زۇمرەسىغە ئىرتىبان كەلتۇرمىشەم.

ئالەمى كەۋنۇ مەكان، خەنجەرى جەمئى تالىبان،
ئان نەقىي مۇرشىدىئى رۇھانىيان كەلتۇرمىشەم.

بولغالى كۆڭلۈم ھۇزۇرى ئىچرە نۇرى مەئرىفەت،
ئەسكەرى يادىنى بىر لەھزە نىھان كەلتۇرمىشەم.

زۇلمەت ئابادى جەھان ھەر دەم قىلۇر بىراھلىق،
يولغا ھادى مەھدىئى ئاخىر زەمان كەلتۇرمىشەم.

تاشلادى ئالەم تەمامى گەنجلەر مەدىيەنلەرىن،
دەفئى بولغاي گەنجى مەئنىنى ئەيان كەلتۇرمىشەم.

ئىشق دەيرىدە خەرات ئولغان تەلەفلەر ياسىغە،
ئانچە ئەۋراقى مۇھەببەت سايەبان كەلتۇرمىشەم.

كۆللى شەيئىن ھالىكۆن ئىللا ۋۇجۇھ بولغان ئەيان،
ھەيرەتتى كۆھى ۋۇجۇدۇمنى ئەيان كەلتۈرمىشەم؛

* *

ھەر تۈش ئەھلىدە بىر شوخ دىلرەبا كۆردۈم، رەقىبلەر سۆزىنى مەن بوگۈن قارا كۆردۈم.
جانىمغا باشدىن ئاياغ مىھنەتۇ بەلا كۆردۈم.
چەمەندە غونچە باشىن يۆرگەدى تەغافۇل ئىلە،
مەتائى ھوش پەردەئى ئىسمەت ئېتەرگە كۆزلەرى، زوھۇرى تەلئەتىدىن گۈل يۈزىن يارا كۆردۈم.
قاراقچى ئېلكىدە گوياكى ئوقۇ يا كۆردۈم.
يوھىببۇھۇمغە يوھىببۇنە ئېرۇر مەئتۇف،
قويۇپدۇر دانەئى خەيالى زۇلفى دامىغە، مۇھەببەت ئەھلى ئارا بەخت ماجەرا كۆردۈم.
كۆڭۈل كەبۇتەرىنى ئاندا مۇبتەلا كۆردۈم.
مەقامى ھەيرەت ئارا ھەيرەتتى ئاڭا يۈزلەن،
ھەزار شۈكرىكى نىگارىم نىگاھىم ئەيلەيدۇر، جەمالى ئايىنەسىنى گىرىھ كوشا كۆردۈم.

* *

ھەر لەھزەئى ئول مەھىنىڭ كويىغا گوزەر ئەتتىم،
كۆز ئەختەرىدىن گەۋھەر يولىغا نىسار ئەتتىم.

ئەل تىبىرى مەلامەتغە قىلغانچە ھەدەف جانىم،
مەن داغى جۇنۇن باشىن ئۆزۈمگە فىگار ئەتتىم.

گەر بولماسە ۋەسلىدىن بۇ خەستە كۆڭۈل قۇۋۋەت،
دەردىيۇ غەمى بىرلە ھەم داغى مەدار ئەتتىم.

شەھباز بىلە قوش سەيد ئەتسە چېكىپ بويە،
تەبئىم لاچىنى بىرلە يەن مەئنى شىكار ئەتتىم.

مەيدان سارى يۈزلەنمىش ئول دەمكى سۇۋار ئولدى،
كۆن دەفئىغە ئەشكىمنى مەھجۇر بىلە قار ئەتتىم.

ھەر چۇغز بۇ كاخ ئىچرە ھەر سەۋتى سەدا قىلدى،
مەن سەفھەئى دەۋرانغە بۇ نەقشى نىگار ئەتتىم.

مەستى ئۇلغۇچە بۇ مەيدىن لۇتف ئەتمەدى ھەر مەينى،
دۇردى بىلە لايىدىن ھەم دەفئى خۇمار ئەتتىم.

لەيلى سىفەتىم ھەرگىز ئايتۇرمۇ تەرەھھۇمدىن
كىم: ھەيرەتىي مەجنۇننى مەن زارۇ نىزار ئەتتىم.

* *

دەھر ئىلىدىن دەردىمە ھەرگىز دەۋايى تاپمادىم،
نالە قىلدىم نەي كەبى بىر ھەم نەۋايى تاپمادىم.

سەير ئېتىپ ئۆمرى جەھاننى ھەر بەنى ئادەم ئارا،
بىر مۇھەببەت سادىقى يارى خۇدايى تاپمادىم.

كۆپ دەرد كۆردۇم ئىنەر دەپ شەمئى مۇھەببەت پەرتەۋى،
ئەھلى دۇنيا كۆڭلىغە ئاندىن سەفايى تاپمادىم.

تىيرە ئەيلەپدۇر كۆڭۈل ئايىنەسىن رەنگى ۋۇجۇد،
تەربىيەت ئەيكسەرىدىن بىر كىميايى تاپمادىم.

نەفسى ئاھەنگىن تۈزۈپ تۇشتۇم مەقامى زاتدىن،
نەغمەئى ئۇششاق ئارا بىر كىميايى تاپمادىم.

سەرنەۋەشتىمدۇر ئەزەلدىن جامەدەك سەرگەشتەدەك،
سەفھەئى دەۋران ئارا بىر مۇددەئايى تاپمادىم.

خۇشە چىنى خىرمەنى زەرئى مەئانى مەندۇمەن،
ۋەھكى دىھقانى سۇخەن ساھىب دەۋايى تاپمادىم.

غۇنچەدەك قان باغلاغان كۆڭلۇم جەھان گۈلزارىدىن،
بىر گۈلىدىن رەنگۇ بۇ مىھرۇ ۋەفايى تاپمادىم.

گەرچە سۆز مەيدانى كەڭدۇر، ھەيرەتىي، تۇرغىل ئەيان،
خاتىرى مەشھۇردەك تەبئ ئەززەمانى تاپمادىم.

* *

نىتەيكى دەردىمە تاپماي ۋىسالىدىن دەرمان،
فىراق رەنجىدىن ئۆلمەكمۇدۇر ماڭا فەرمان.

تىلەكدە تۇنلەر ئاچىلدى تىلەرمە بۇ پۇرسەت،
يۈزىنى كۆرسەمۇ ئۆلسەم كۆڭۈلدەدۇر دەرمان.

چەمەندە بۇلبۇلۇ شەمئ ئەنجۇمەندە، ئوت تەندە،
خوتەن مۇشكى كۆڭلۈم ئىچرە ئىشق ئېرۇر پىنھان.

جەمال شەۋقىدە پەرۋانەدەك كۆيۈپ ئۆلمەك،
زىھى ھەلاۋەتۇ ئەيشۇ لەتافەتۇ ئىمان.

جەھانى جاننى تەماشا قىلاي دېسەڭ، ھەيرەت،
تەۋەققۇئ ئەيلەمە جانان يولىدا جانۇ جەھان.

* *

تالپىنادۇر كۆڭۈل قۇشى باغچەئى جەمال ئۈچۈن،
ئۆرتەنەدۇر فىغان ئىلە بىر گۈلى ھەر نەۋ نىھال ئۈچۈن.

قالدى ئىككىگىز ئارا جان ئەتتىمۇ ئەل ئەتەش،
چۈنكى ئەزەل كۈنىدىن ـ ئوق تەبەھلىكىم زۇلال ئۈچۈن.

قاشىغا زۇلفى شامىدا كۆپ نەزەر ئەيلەسەڭ،
رەسمى نەززارەدۇر، ۋەلى، ئاي قاشىدا ھىلال ئۈچۈن.

ئۇشتى كۆڭۈل كەبۇتەرى، تۇشتى كەمەندى زۇلفىغە،
خىرمەنى ھۇسنىدا مەڭ دانەئى خەتتى خال ئۈچۈن.

ئىشق جانىم ئۆرتەدى قىلدى غەرىقى نابدىن،
ئەيلە تەرەھھۇم، ئەي پەرى، ھەيرەتى خەستە ھال ئۈچۈن.

* *

گەھ شەممە بىرلە كۆڭۈلنى ئالدى بىر قەددى مەۋزۇن،
كۆڭۈلدە جانۇل ـ ئەين تابى ئىشق ئەيلەدى نۇن.

ئەلىف قەددىغە تەھەررۇك چۇ بولدى لازىمۇ فات،
زەمايىر ئەھلىدە بولدى بەنايى سەبرۇ سۇكۇن.

كۆڭۈل سەھىفەۋۇ دەردۇ فىراق ئاڭا ئۇنۋان،
تەنىم سىنىنەسىغە رەنجۇ بەلاۋۇ غەم مەسھۇن.

جەھان سەنەم گەداسى ئىچرە بىر تۇمەن ياڭلىغ،
ھەمىشە ئول بۇتى رەئناغا بەندەئى مەرھۇن.

غەرىب شۇئبەدەلەر قىلدى ھەيرەتىي، ئول مەھ
كى قالدى بۇ لەئبىنىسى ئىچرە چەرخى بۇقەلەمۇن.

*　　　*

ئەي زەمان ئەھلىدە يەكتا سەيقەلى رۇيى زەمىن،
قىلسالار ئەھلى ئىرادەت ئافتابى مۇلكى دىن.

كۇفرۇ ئىمان ئەھلىغە فەيزى ئىنايەت يەتكۇرۇر،
ياغسا ئەبرى ۋەئدەدىن رەھمەتەن لىل ـ ئالەمىن.

لەۋھى مەھفۇزى مۇنەققەش كۆڭۈل ھەق ئەسرارىدىن،
لامەكان تەختىدە سۇلتان غازىغە كىم ھەمنىشىن.

ھەيرەتىي، ئول شاھى ئالەم، بەندەسىدۇر شاھلار،
سەن ئۆزۈڭنى ... ئىتلارىدىن تۇت كەمىن.

*　　　*

ۋەھ نىتەي ئۆلتۇرگۇدەك زالىم تەرەھھۇم قىلمايىن،
غەمزە تىغىن تىز ئىتىپ ئەمما تەكەللۇم قىلمايىن.

كۆڭلۈم ئانداغ ئايرىلىك خار بىلە بەس ئازۇردەئى،
غۇنچە ياڭلىغ ئۆرتەلۇر ئەسلا تەبەسسۇم قىلمايىن.

ئەي مۇغەننى، قىل نەۋا جانىم چىقارغا پەردەدىن،
روھ تەنگە كىرمەدى ھەرگىز تەرەننۇم قىلمايىن.

تىيرەئى تەبئى قىلمادى ئەل ھەيرەتىيدىن ھىچ ئىبا،
مەردۇمەكدىن تاپمادى كىرپىك تەئەددۇم قىلمايىن.

گەۋھەرى مەقسۇدغە ھەرگىز يەتمەدى غەۋۋاسلار،
«مەسكەنەت دەرياسى» ئىچرە تا ئۆزىن گۇم قىلمايىن.

بەھرى ھىكمەت رۇمۇزىن تاپمادى ھەر تىيرە ئەقل،
تا فىلاتونۇەش ئۆزىن ساكىنى خەتتۇم قىلمايىن.

ھەيرەتىي، مەقبۇلى تەبئى شاھى ئىرفان ئولماغۇڭ،
رۇئيەتى رۇ مەردۇمى تەركى تەنەئئۇم قىلمايىن.

*　　　*

قۇتى جىسمۇ قۇتى جان — ياھۇ،
زىكرۇ فىكرى دىل زەبان — ياھۇ.

فەررۇخ ئەفزا مۇنىرى جەمئىيەت،
دىل سەرايىدا مىھمان — ياھۇ.

گۇلشەنى فەيزى نەۋ بەھارىغە،
رەھمەتى ئەبرى دۇرفىشان — ياھۇ.

خەسۇ خاشاكدۇر ھەۋاۋۇ ھەۋەس،
لۇجەئى بەھرى بىگەران — ياھۇ.

زۇلمەتى كۇفر ئىنتىھاسىغە،
ئافتابى فەلەك سىتان — ياھۇ.

زەھمى شەيتانى قىلۇر يۇز نىيەت،
كەۋكەبى ئەۋجى كۇن فەكان — ياھۇ.

زىكر ئەيلەر شۇھۇد ئىلە زاكىر،
ئاشكارا ئەگەر نىھان — ياھۇ.

زاھىر ئولغاي تەمامى ۋەجھۇللاھ،
گەر تۇلۇئ ئەتسە مىھرى شان ياھۇ.

مەھۋ ئەيلەپ ئۆزىدە زاكىرنى،
كۆرسەتۇر كەلىمۇل - لىسان ياھۇ.

رۇھ ئۆيىگە غۇلۇفەتۇل - ئەبۋاب،
ياراتۇر مۇفەتتىھۇل - جىنان ياھۇ.

ئۇمر مەيدە جانىم ئەل ئىمان،
ئەرەسات ئەھلىغە نىشان — ياھۇ.

ۋەھدەتى زاتىغە نەدۇر تەغىير،
بەرسە ھەر كۇن ئۆزگە سايان ياھۇ.

ھەيرەتىي، كۆپ دىگىل تەھەسسۇردا،
جانۇ دىل بىرلە ھەر زەمان: ياھۇ.

*　　　*

مەي ئۇچۇن خىرقەۋۇ ئەمامە گەرەۋ،
بەلكى جانۇ جەھانۇ جامە گەرەۋ.

سۇبھە، سەججادە، ئەساۋۇ رىدا،
ئىلمۇ دانىش، دۇۋاتۇ خامە گەرەۋ.

ئەي كەبۇتەر، نەۋىد ۋەسل ئۇچۇن،
ئەيلەدىم شەھپەرىڭدە نامە گەرەۋ.

كاكۇلى ئەنبەرىن شەمامەسىدە،         يا جەۋان مەرددۇر بەھانە تەلەب،
قالدى ۋابەستەئى شانە گەرەۋ.         ھۇش ئىلكىدە چۇن ئەمامە گەرەۋ.

تائەتۇ زاھىدۇ رىيا پىشە،         ھەيرەتىي تۇشتى چۇن كۇرۇپ ھالىن
ئالدى دەستى قەبۇل ئامە گەرەۋ.         زۇلفى دامىغە چۇن خەمامە گەرەۋ.

*         *

مۇژدەئى بەر، ئايچائى فەسلى بەھاران كەلدىمۇ،
ۋەقتى سەبزۇ نەۋبەتى گەشتى گۇلىستان كەلدىمۇ؟

گۇل تەماشاسىغە ھەر دەم ئىندەنۇرسەن، باغىبان،
باغ ئارا سەير ئەتكەلى سەرۋى خىرامان كەلدىمۇ؟

تەشنەئى غەم دەشتىدە قالدى ئايرۇم جامى ۋىسال،
يەتتى جانىم چىققالى چىن ئايت جانان كەلدىمۇ؟

جان ئىلە جانان خىيالى بىر كوڭۇلگە سىغمادى،
ئۆيگە ھەرگىز مېھمان ئۇستىگە مېھمان كەلدىمۇ؟

كۇنجى دۇنيا دىن گەنجى كۇر قەنائەت رىشتەسى،
ۋەرنە مۇر ئىشكىغە بىمەئنى سۇلەيمان كەلدىمۇ؟

ئەيكى دەرسەن ئاتەشىن ئىشقىن كوڭۇلدە ياشۇراي،
ئافتابە زەررەنىڭ قوينىدا مېھمان كەلدىمۇ؟

ھالدەك رەۋشەن قىلۇرغا مەجلىسى ئىجماسىنى،
ئەي سىتارە، قىل خەبەر ئول ماھى تابان كەلدىمۇ؟

*         *

تا زىلەيخايى ھەۋايى نەفسىدىن ئايرىلمايىن،
ھەيرەتىي، جان يۇسۇفى پاكىزە دەرمان كەلدىمۇ؟

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى باشقارمىسىدا)

# كونا ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قەدىردىن نۇرئەخمەت

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سۇنماقچى بولغان مەزكۇر ھۆججەتلەر خوتەن قاراقاشنىڭ توخۇلا يېزىسىدىكى ئاۋام خەلقنىڭ قولىدىن تېپىلغان بولۇپ، خوتەن قەغىزىگە قارا سىياھ بىلەن تەئلىق خەت شەكلى بويىچە 12 ـــ 14 قۇر قىلىپ يېزىلغان، قۇرئارىلىقى 1 ـــ 2 سانتىمېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 20 ـــ 23 سانتىمېتىرغىچە، كەڭلىكى 15 ـــ 18 سانتىمېتىرغىچە.



**1 ـ پارچە ھۆججەت:**

ئەخلەت سوفىنىڭ ئۈچ يېرىم چارەكلىك يېرىنى سوپۇنچى دورغىغا يىگىرمە تەڭگىگە ساتقانلىق توغرىسىدىكى ھۆججەت

ئوقۇلۇشى:

تەئرىخقە بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش ئۈچ، توڭگۇز يىلى، شەۋۋال ئېيىنىڭ يىگىرمە ئالتەسى، ئازنا كۈنى. ئەخلەت سوفى ئانداغ ئىقرارى سەرىھ ۋە ئىئتىراف شەرئىي قىلدىكىم، ساتتىم سوفۇنچى دورغىغە ماكۇيا ئۆستەڭى بۇغۇچى مەۋزىئىداقى مۈلكى مىراس تەخمىنەن ئۈچ يېرىم چارەكلىك يېرىمنى ئۈسكىنەسى بىرلە غەبن غۇرۇرىدىن ئۇتۇپ تەۋئەن ۋە رىغبەتەن يىگىرمە تەڭگە پۇلۇسى رايىھەتۇل ـ ۋەقتىغە، پۇلى بىباقى ۋە تەمام ماڭا تەگدى.دەپ بۇ مەزكۇر يەرنىڭ

ھۇدۇد ـ ئەربەئەسى: شەرق تەرەفى مۇللا رۇستەمنىڭ يېرى، فاسىلە ــ ئەركەك قىر؛ شىمال تەرەفى ھەـ قىزەنىڭ ۋە بەئزى ئەخلەت سوفىنىڭ يېرى، فاسىلە ــ ئەركەك قىر ۋە بەئزى ئورەك؛ مەغرىب تەرەفى ئەخـ لەت سوفىنىڭ يېرى، فاسىلە ــ ئورەك؛ جەنۇب تەرەفى موللا رەھىمنىڭ يېرى، فاسىلە ــ ئارىق ۋە بەئـ زى نىياز ئاخۇننىڭ يېرى، فاسىلە ــ ئەركەك قىر.

ھۇززارى مەجلىس: توختى خاجە ، ھەكىم باي

يەشمىسى:

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش ئۈچ، توڭگۇز يىلى، شەۋۋال ئېيىنىڭ يىگىرمە ئالتىسى، جۈمە كۈنى①. مەنكى ئەخلەت سوپى يۈزتۇرا، ياخشى ھالەتتە ۋە ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن تۇرۇپ، شەرىئەتتە ئىشەنچلىك ھالدا شۇنداق ئىقرار ۋە ئېتىراپ قىلدىمكى، بۇغۇچى كەنتى ماكۇيا ئۆستەڭ بويىدىكى مۈلكى مىراس تەخمىنەن ئۈچ يېرىم چارەكلىك كېلىدىغان يېرىمنى جەمئىي ئۇسكۇنىلىرى بىلەن قوشۇپ، ھىيلە ـ مىكىر ۋە ئالدامچىلىقلاردىن خالىي، ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا، ھازىرقى ۋاقىتتا ئېقىمۋاتقان يىگىرمە تەڭگە پۇلغا سېتىپ پۇلىنى نەق، تولۇق تاپشۇرۇپ ئالدىم.

دەپ بۇ مەزكۇر يەرنىڭ تۆت ئەتراپ چېگرالىرى: شەرق تەرىپى رۇستەم موللىنىڭ يېرىگە تۇتاش، پاسىل ــ ئەركەك قىر؛ شىمال تەرىپى ھەپىزەنىڭ ۋە ئەخلەت سوپىنىڭ يېرىگە تۇتاش، پاسىل ــ ئەركەك قىر ۋە بەزىسى ئورەك؛ غەرب تەرىپى ئەخلەت سوپىنىڭ يېرىگە تۇتاش، پاسىل ــ ئورەك؛ جەنۇب تەرىپى موللا رەھىمنىڭ يېرى، پاسىل ــ ئېرىق ھەم قىسمەن يېرى نىياز ئاخۇننىڭ يېرى، پاسىل ــ ئەركەك قىر.

مەجلىستە بار كىشىلەردىن: توختى خوجا، ھېكىم باي.

## 2 ـ پارچە ھۆججەت:

ئوسمان ۋە مەستۇرە ئايالنىڭ ئابدۇرەھىم موللىغا ئىككى چارەكلىك مۈلكى مىراس يېرىنى ساتقانلىق توغرىسىدىكى ھۆججەت

ئوقۇلغۇسى:

تەئرىخقە مىڭ ئىككى يۈز ئالتىمىش توققۇز، يىلان يىلى، رەبىئۇل ـ ئەۋۋەل ئېيىنىڭ يىگىرمەسى، ئازنە كۈنى. ئوسمان، مەستۇرە ئايلا مۇخەييەر ئانداغ ئىقرارى سەرىھ ۋە ئىئتىرافى شەرئىي قىلدىلەركىم. ساتتۇق موللا ئابدۇرەھىمغە ماكۇيا ئۆستەڭى بۇغۇچى مەۋزىئىداقى مۈلكى مىراس تەخمىنەن ئىككى چارەكلىك يېرىمىزنى جەمىئى ئۇسكىنەسى بىرلە غەبىن غورۇردىن ئۇتۇپ، تەۋئەن ۋە رىغبەتەن بەلا جەبرۇ لاكىن ئون توققۇز يېرىم تەڭگە پۇلۇسى رايىھەتۇل ـ ۋاقتغە پۇلى بىزلەرگە بىباقى ۋە بەتەمام تەگدى. بۇ مەزكۇر يەرنىڭ ھۇدۇدى ئەربەئەسى مەشرىق تەرەفى ئام ئارىق، شىمال تەرەفى ئەخلەت سوفىنىڭ يېرى، فاسىلە ــ ئەركەك قىر؛ مەغرىب تەرەفى ئۇشۇر مەمەتنىڭ ۋە بەئزى موللا توختەسۇننىڭ يېرى، فاسىلە ــ ئورەك؛جەنۇب تەرەفى مەھرەم خوجەنىڭ يېرى ۋە بەئزى موللا سوفىنىڭ يېرى، راھ خاس، فاسىلە ــ ئورەك.

① ھىجرىيە 1263 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 26 ـ كۈنى مىلادىيەنىڭ 1847 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.


تاریخ قه مینک ایکی یوز التمیش توقوز ییلان ییلی ربیع
الاول آیی نینک یکرمه سی ... کونی ... مستوره
مختار انواع اقرار صریح و اعتراف شرعی قیلدیلار کیم ...
ملا عبد رحیم غه ماکویا اوستنکی بوغوجی موضعیده کی ملک
میراث تخمینا ایکی چارکلیک یریمزنی جمیع اسکنه لری بیلا
غبن غرور ... سیلطو عاو غیبته بلا اجر و بلا
کسه اون توقوز یریم تنکه بیلوسن ... الوقت
بیلا ... باقی و تمام ...
اربعه سی شرق طرفی عام اریق شمال طرفی اخلت صوفی
نینک یری فاصله ... غرب طرفی ... نینک و بعضی
ملا توخته ... نینک یری فاصله ... جنوب طرفی محرم
خوجه نینک یری و بعضی ملا صوفی نینک یری ...
ادراک حضار مجلس توخته خوجه ملا صدیق ملا قربان
ملا شریف ملا ... ملا محمد لار شاهد ...

ھۆززارى مەجلىس: توختە خوجە، موللا سىددىق، موللا قۇربان، موللا شەرىف، موللا سار، موللا مۇھەممەدلەر شاھىددۇرلار.

يەشمىسى:

تارىخقا بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش توققۇز، يىلان يىلى، رەبىئۇل - ئەۋۋەلنىڭ يىگىرمەسى، جۈمە كۈنى①. ئويماندىن مەستۇرە ئايلا شەرىئەتتە ئەشەنچلىك ھالدا شۇنداق ئىقرار ۋە ئېتىراپ قىلدىمكى، بۇغۇچى كەنتى ماكويا ئۆستەڭ بويىدىكى تەخمىنەن ئىككى چارەكلىك مۈلكى مىراس يېرىمنى جەمئىي ئۈسكۈنىلىرى بىلەن ھىيلە-مىكىر ۋە زورلۇقلاردىن خالىي، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا، ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن، ھازىرقى ۋاقىتتا ئېقىۋاتقان ئون توققۇز يېرىم تەڭگە پۇلغا ئابدۇرەھىم موللىغا سېتىپ پۇلىنى نېسى قويماي تولۇقى بىلەن تاپشۇرۇپ ئالدىم.

مەزكۇر يەرنىڭ تۆت تەرەپ چېگرالىرى: شەرق تەرىپى ئومۇمغا تەۋە ئېرىق، شىمال تەرىپى ئەخلەت سوپىنىڭ يېرى، پاسىل — ئەركەك قىر؛ غەرب تەرىپى ئۇشۇر مەمەتنىڭ، بەزىسى موللا توختەسوپىنىڭ يېرى، پاسىل — ئەركەك قىر؛ جەنۇب تەرىپى مەھرەم خوجىنىڭ يېرى، بەزىسى سوپى موللىنىڭ يېرى، ۋە خوسۇسىي يول، پاسىل — ئورەك.

مەجلىستىكى بار كىشىلەردىن: توختى خوجا، سىدىق موللا، قۇربان موللا، شەرىف موللا، سار موللا، مۇھەممەد موللىلار گۇۋاھتۇر.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

① ھىجرىيە 1269 - يىل رەبىئۇل - ئەۋۋەلنىڭ 20 - كۈنى مىلادىيەنىڭ 1853 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

مەرھابا سېلىم

# نىكاھتىن ئاجراشقانلىق ھەققىدىكى بىر پارچە ۋەسىقە



ئوقۇلۇشى (ترانسكرىپسىيە)سى:

تارىخى ھىجرىنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن بەشى[①] ماھى شەرىف رەمىزاننىڭ يىگىرمە توققۇزى دۈشەنبە كۈنىدە مەنكى بۇزايىلا كەنتلىك خاجە ئابدۇللاھنىڭ قىزى زىنە بىبىدۇرمەن. بۇ تەرىقىدە ئىقرارى سەرىھ ۋە مۇئتەبەر شەرئى قىلدىمكى، كەنتلىك موللا قۇندۇزنىڭ ئوغلى كۈيۈگۈم سەيدۇللا ئاخۇن بىلەن ئۆي سازاۋارچىلىقىمىز كېلىشمەي جۇدالاشۇر بولۇپ، ئىددەت نەپىقە ۋە مەھرىمگە يىگىرمە تەڭگە پۇل ئالىپ رۇخسەتىمنى ئالدىم. مەزكۇر سەيدۇللاھتا ئىلگىرى ـ كېيىن ھېچ تەرىقىدە ھەققىم قالمادى. بەئدەل يەۋم بۇ سۆزۈم خىلاف بولماسۇن دەپ ئۆز ئىقرارىم ئىلە قازى مۇرافىئۇن ئىلەيھىنىڭ مۆھرى كىراملارىنى باستۇرۇپ بەردىم.

بۇ ۋەسىقىدە خوجا ئابدۇللانىڭ قىزى زىنە بىبىنىڭ ئېرى سەيدۇللا خوجىدىن ئاجراشقانلىقى ۋە ئىددىتى توشقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى نەپىقىسى ھەم مەھرى ھەققى ئۈچۈن سەيدۇللا خوجىدىن يىگىرمە تەڭگە پۇل ئالغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار يېزىلغان. خەتكە شەرئەت مەھكىمىسىنىڭ مۆھرى بېسىلغان ۋە ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ ماركىسى چاپلانغان. بۇ بىر پارچە خەتتىن شۇ ۋاقىتتىكى نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ شەرئەتتىكى قائىدىسى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن جەھەتتىكى تەرتىپىنى، شۇنداقلا بۇ ئىشقا ئالاقىدار مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. شەرئەت قانۇنى بويىچە نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ تەرتىپى شۇكى، ئەگەر ئەر ـ خوتۇن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشتە كېلىشەلمىسە، ئۆزئارا كېڭىشىپ، ئەر نىكاھتىن ئاجرىشىشقا

① ھىجرىيەنىڭ 1285 ـ يىلى مىلادىيەنىڭ 1868 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

يول قويۇشى، ئايالنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىپ ئىددەتنى توشقۇچە تىرىكچىلىكىنى نورمال ئۆتكۈزگۈدەك نەپىقە بېرىشى، ھەم مەھرى ھەققىنى بېرىشى، ئاندىن ئۇنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشىغا قوشۇلۇپ ئېنىق سۆز بېرىشى كېرەك. ئايال نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن ئۈچ ئاي ئون كۈنگىچە ياتلىق بولماي، ئىددەت تۇتىدۇ. بۇ جەرياندا ئايال ئۆزىنىڭ ئاجراشقان ئېرىدىن ھامىلىدار بولغان ياكى بولمىغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. ھامىلىدار بولمىغان بولسا، ئىددەت مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ئايال قايتا نىكاھلىق بولسا بولىدۇ. ئەگەر ئايالنىڭ بويىدا قالغانلىقى ئىسپاتلانسا، ئاجرىشىش مەسىلىسىنى يەنە قايتا كېڭىشىش، تۇغۇلغۇسى پەرزەنت ۋە ئۇنىڭ نەپىقىسى ۋە باشقا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئىددەت تۇتۇش بەلگىلىمىسى ئەۋلادلارنىڭ ئۇرۇق - نەسەبىنىڭ ئېنىق بولۇشىنى، يەنى تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق بولۇشى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ھەقتە تالاش - تارتىش ۋە بەختسىزلىكلەرنىڭ يۈز بەرمەسلىكى، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ئېنىق كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇ ئۇزاق تارىختىن بېرى خەلقىمىزنىڭ نىكاھ جەھەتتىكى مۇھىم مىللىي ئۆرپ - ئادىتى ۋە مۇقىم قائىدە - يوسۇنىغا ئايلانغان.

بۇ ۋەسىقىدە يەنە مەھرى ھەققى مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغان. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان مەھرى ھەققى ئىسلام شەرىئىتىدە نىكاھ ھەققىدە بەلگىلەنگەن مۇھىم بەلگىلىمىلەردىن بىرى بولۇپ، ئەرنىڭ ئايالغا چوقۇم بېرىشى تەلەپ قىلىنىدىغان مەلۇم مىقداردىكى ماددىي ۋە مەنىۋى سوۋغىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەھرى ھەققىنىڭ ئۆلچىمى ئىسلام شەرىئىتىدە ئېنىق بەلگىلەنمىگەن. ھەربىر ئەر ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ياكى مۇۋاپىق شەكىلدە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھەق بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئايالغا بولغان كۆڭلىنى ئىزھار قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئاياللارنى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش، ئۇلارغا كۆيۈنۈش، ئاياللارنىڭ ئىززەت - ئابرۇيى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداش مەھرى ھەققى مەسىلىسىمۇ ئۇزاق تارىختىن بېرى خەلقىمىزنىڭ نىكاھ ئىشلىرىدا ئىزچىل رىئايە قىلىنىدىغان مىللىي ئۆرپ - ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتتى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ نىكاھ مۇناسىۋىتىدە بۇنىڭغا رىئايە قىلىنىپ كەلمەكتە.

بۇ ۋەسىقىگە ئۆز دەۋرىدىكى شەرىئەت مەھكىمە قازىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان. بۇ تامغىدا: «قازى مۇھەممەد ئوسمان ئىبنى مۇھەممەد ئوشۇر مۇتەۋەككىلۇ ئەلەللاھىل - غەفۇر»، «كەچۈرگۈچى تەڭرىتائالاغا تەۋەككۈل قىلغۇچى مۇھەممەد ئوشۇرنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئوسمان» دېگەن خەت بار. بۇنىڭدىن نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنىڭ شەرىئەت ۋە ئۆرپ - ئادەتكە ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقىنى شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ نازارەت قىلىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇ ۋەسىقىغە يەنە ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ ماركىسى چاپلانغان. بۇنىڭدىن ھۆكۈمەتنىڭ شۇ چاغدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى نازارەت قىلىپ، تىزىمغا ئالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋشكە بولىدۇ.

دېمەك، بۇ بىر پارچە قىسقا ۋەسىقە خەلقىمىز ئىچىدە ئۆز دەۋرىدە نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنىڭ قانداق بېجىرىلىدىغانلىقىنى بىزگە ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ۋەسىقىدە نىكاھتىن ئاجرىشىشتىن ئىبارەت بۇ ھەم ئائىلىۋى ھەم ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ خەلقىمىز ئىچىدىكى شەرىئەت قانۇنى، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ۋە ئۆرپ - ئادەت يوسۇنلىرى ناھايىتى ئېنىق ئەكس ئەتكەن.

(ئاپتور بۆرتالا شەھەرلىك 7 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)




رەناگۈل ئابدۇللا

رۇبائىي ئەرەبچە «ربلعى»، «رباعيات» (كۆپلۈك) تۆتلۈك سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، شەرق شېئىرىيىتىدە كەڭ تارقالغان ۋە مەلۇم بەدىئىي ئەنئەنىگە ئىگە بولغان شېئىرىي ژانىر. شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۆمەر ھەييام رۇبائىي ژانىرىغا ئاساس سالغان. دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا پەخىرلىك ئورۇنغا ئىگە ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل تۆھپىسى، ئاجايىپ ئەقىل - پاراسىتى، تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان مېھنەتلىرى بىلەن ئەسىرلەپ ئالقىشقا ئېرىشىۋاتقان بۇ مۆتىۋەرلەرنىڭ رۇبائىيلىرى ئۈستىدە ئاددىيغىنا سېلىشتۇرما ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسەت ئۇلارنىڭ رۇبائىي ئىجادىيىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى، رۇبائىيلىرىنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىپ، بۇ جەھەتتىكى بىلىمىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھازىرقى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، قاراخانىيلارنىڭ مەشھۇر دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەزكۇر ئەسىرىدە ئۆزىدىكى تەڭداشسىز ئىستېدات ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىغا تايىنىپ، 11 - ئەسىر قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم، قانۇن ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى، پەلسەپە ۋە دىن، ئىلىم - پەن، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرنى يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىلمىي ۋە بەدىئىي ماھارىتى بىلەن ئەكس ئەتكۈزۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادەتكە ئىنتىلىش يولىغا يېڭى مەشئەل ياققان.

دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ نەزەرىدە رۇبائىي ھەققىدىكى چۈشەنچە ئۆمەر ھەييامنىڭ نامى بىلەن ناھايىتى زىچ باغلىنىپ كەتكەن. چۈنكى، بۇ پارس شائىرىنىڭ «رۇبائىياتى ئۆمەر ھەييام» ناملىق ئالەمشۇمۇل ئەسىرى 1970 - يىلىغىچە ئىنگلىز، نېمىس، فىرانسۇز، ئىتالىيان، ياپون تىللىرى ۋە باشقا نۇرغۇن تىللاردا 80 نەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان. ھەتتا، بىر يىل ئىچىدە ئىنگلىز تىلىدا 120 تۈرلۈك نۇسخىدا بېسىلغان. دۆلىتىمىزدە 1958 - يىلى مەشھۇر شائىر گومورو تەرىپىدىن ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. ئۇيغۇرچىسى 1980 - يىلى نۇرمۇھەممەت ئېركى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان.

ئوتتۇرا ئەسىر پارس ئەدەبىياتى پارسلارنىڭ مىلادىيە 8 - ئەسىردىن مىلادىيە 18 - ئەسىرگىچە

بولغان ئارىلىقتا ياراتقان ئەدەبىياتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەدەبىياتتا شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئەڭ گۈللەنگەن، شېئىرىي شەكىللەر كۆپ خىل بولغان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارس ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىق كىلاسسىكلىرى پارسلارنىڭ ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق كىلاسسىكلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلەردە بولغان. «رۇبائىياتى ئۆمەر ھەييام»، «شاھنامە»، «گۈلىستان» قاتارلىق ئەسەرلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان.

ئۆمەر ھەييام (1040 ــ 1122) ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق پارس شائىرى، پەيلاسوپ، ماتېماتىكا ئالىمى، ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ئالىمى. ئۇ يەنە ئەركىن تەپەككۇر ۋە ھېكمەتلىك سۆز مۇئەللىپى بولۇش بىلەن مەشھۇر. ئۇنىڭ «رۇبائىياتى ئۆمەر ھەييام»دىن باشقا يەنە پەلسەپە، ئاسترونوم، ماتېماتىكا ۋە ئەدەبىياتقا دائىر ئون نەچچە كاتتا ئەسىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە بېرىلگەن ئەڭ يۇقىرى باھانىڭ تىپىك مىسالى: ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» نەشرلىرىنىڭ بىرىدە كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى زىننەتلىك چىقىرىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىر مۇسابىقە ئېلان قىلغان. بۇ مۇسابىقە شەرتىدە:«كىمكى بۇ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا رەسىم سىزىشتا ئەڭ ئەلا دەرىجىگە ئېرىشسە، ئىككى مىڭ فوند ستېرلىڭ مۇكاپات بېرىلىدۇ» دېيىلگەن ۋە گېزىتتە ئېلان قىلىنغان. بۇ مۇقاۋىدا ئىراننىڭ مىللىي ئەنئەنىسى گۈل بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭدا قاناتلىرىنى كېرىپ ئالەم بوشلۇقىغا ئۇچۇۋاتقان ئالتۇن پەرلىك بىر قۇشنىڭ سۈرىتى سىزىلغان بولۇشى كېرەك ئىكەن. مەلۇمكى، بۇ قۇش باشقا قۇش ئەمەس، بەلكى ئۆمەر ھەييامنىڭ بىر رۇبائىيسىدا:

قۇش ئىدىم، ئۇچتۇمەن «سىر دۇنياسى»دىن،
يېتەي دەپ يۇكسەككە، ئۆتۈپ پەردىدىن.
تاپمىدىم بۇ جايدا سىرداش بىر كىشى،
چىقتىم مەن ئاستا ئۇ كىرگەن ئىشىكتىن.

دېيىلگەندەك، ئالەمنىڭ ئالدى ـ كەينىنى بىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان، ئىلاھىي «سىر دۇنياسى»دىن ئۆتمەكچى بولغان ۋە مەۋھۇم «پەردە»دىن ئۆتۈپ، ھەقىقەت يۇكسەكلىكىگە يېتىش ئارزۇسىدا ئۇچقان قۇش، يەنى «ئۆمەر ھەييام» ئاتلىق قۇش. بۇ قۇش ئۆمەر ھەييامنىڭ سىمۋولى①. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى مىڭ يىللاردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ قىلچىلىك كېمەيمەي، ئەكسىچە ئۆلمەس شېئىر بولۇپ پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىنىڭ قەلب تۆرىدە ئەزىزلىنىپ ساقلانماقتا.

يۇقىرىقى ئىككى نەپەر ئۇلۇغ زات دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە مەڭگۈ پەخىرلىك ئورۇنغا مۇناسىپ بولۇش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ رۇبائىي ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك پەرقى، رۇبائىيلىرىنىڭ مەزمۇن ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى بىر قىسىم ئوخشاشلىق ۋە ئۆزگىچە تەرەپلەر، تەبىئىيكى بۇ ئىككى مۆتىۋەر ھەققىدە بىر سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرۈشىمىزگە، رۇبائىيدىن ئىبارەت شېئىرىيەتنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرگە، مەنە مۇستەقىللىقىغا ئىگە بۇ تۈرى ھەققىدە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەھلىل قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

1. رۇبائىي ئىجادىيىتىگە ئاساس سالغۇچى زادى كىم؟

ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان كىشىلەر رۇبائىي ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالغۇچى ئۆمەر ھەييام، بۇ ژانىر پارس ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ دەپ قاراپ كەلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ «رۇبائىي» سۆزى تىلغا ئېلىنسىلا ھەممىلا ئادەمنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئويلايدىغىنى «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» بولۇپ كەلدى. بەلكىم بۇ يازغۇچىنىڭ شۆھرىتى ۋە ئەسىرىنىڭ بازارلىق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئەمما، نۆۋەتتە بىزگە مەلۇم بولغان تارىخىي ۋە ئىلمىي پاكىتلار «رۇبائىي ژانىرىغا ئاساس سالغۇچى ئۆمەر ھەييام» دېگەن بۇ يەكۈننىڭ بىر تەرەپلىمىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى:

تەگكۈزدى ماڭا قولىن ئەللىك يېشىم،
قوغۇ قىلدى قوزغۇن تۇسىدەك بېشىم.
مېنى قىچقىرىپ ئاتمىش ئەمدى دەيدۇ كەل،
بارۇرمەن نېرى گەر يەتمىسە ئەجەل.

دېگەن بېيىتلارغا قاراپ تەھلىل يۈرگۈزسەك، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ھىجرىيەنىڭ 462- يىلى (مىلادىيە 1069 ـ يىلى) يېزىلغانلىقىنى، شائىرنىڭ بۇ ۋاقىتتا ئەللىك ياشلاردىن ئاشقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. 1926 ـ يىلى «لوندون شەرق تەتقىقات ئىنستىتۇتى» نىڭ مۇدىرى دېنسون روس ئەسىملىك ئىنگلىز ئالىمىنىڭ ئىسپاتلاپ چىقىشىچە، ئۆمەر ھەييام 1040 ـ يىلى تۇغۇلغان. «دۇنيادىكى مەشھۇر ئەدىبلەر لۇغىتى» دە يېزىلىشىچە، ئۇ ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە ئىجادىيەتكە كىرىشكەن②. يۇقىرىدىكى ئىككى پاكىتتىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، يۈسۈف خاس ھاجىبنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى يېزىلىپ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋايىگە يەتكەن مەزگىلدە، ئۆمەر ھەييام ئەمدىلا ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، ئەسەرلىرى تېخى كەڭ تارقالمىغان.

دېمەك، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى يورۇقلۇققا چىقىشتىن خېلى بۇرۇنلا، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرىمىز يۈسۈف خاس ھاجىبنىڭ رۇبائىيلىرى شەرقتىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان. يۇقىرىقى دەلىللەر ئارقىلىق شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا رۇبائىي ژانىرى يۈسۈف خاس ھاجىبتىن باشلانغان. ئەمما، تارىخنىڭ مىڭ يىللىق سىنىقىغا بەرداشلىق بەرگەن، ئەمەلىيەت ئىمتىھانىدىن ئەلا ئۆتۈۋاتقان ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدىن ئىبارەت جاھانشۇمۇل نادىر ئۈلگىنى يەنىلا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. بۇ يەردىكى سېلىشتۇرما پەقەت شۇ رۇبائىيلارنىڭ روياپقا چىقىشىدىكى ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مەسىلىسىلا، خالاس.

2. رۇبائىيلاردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن جەھەتتىكى ئورتاقلىقلار

1) ئۇلۇغ ئەدىب يۈسۈف خاس ھاجىب ۋە مەشھۇر پارس شائىرى ئۆمەر ھەييامنىڭ كۆپ قىسىم رۇبائىيلىرىدا چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ئىپادىلەنگەن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش توغرىسىدىكى ئەستايىدىل ئىزدىنىشلىرى گەۋدىلەنگەن. ئۆمەر ھەييام دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى داڭلىق پەلسەپىۋى شائىر. ئۇنىڭ

رۇبائىيلىرىدا ھاياتنىڭ سىرلىرى، ھاياتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ئىپادىلەنگەن. شۇڭا، پەلسەپىۋىلىككە بايلىق ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ رۇبائىيلار ئەينى ۋاقىتتىكى مۇرەككەپ بىر تارىخىي شارائىتنىڭ، يەنى ئۇرۇش ۋە دىنىي مالىمانچىلىق ئەۋج ئالغان، خەلق ئەنسىز ھالەتكە چۈشكەن دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىران خەلقىنىڭ دەۋر تەرەققىياتى يولىدىكى كۈچلۈك ئىزدىنىشلىرى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن.

بىر كۈچۈم بولغاندا تەڭرىدەك گويا،
بۇزاتتىم پەلەكنى بۇنداق بىۋاپا.
ياخشىلار مەقسەتكە يەتكۈدەك تولۇق،
قۇراتتىم بىر پەلەك — بىر يېڭى دۇنيا.

شائىر بۇ رۇبائىيسىدا پەلەكنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە نەپرەتلىنىدۇ، بۇنداق ئادالەتسىزلىك قىلىدىغان پەلەكنى بۇزۇپ تاشلاپ، ياخشىلار مەقسەتكە تولۇق يېتىدىغان ئادىل دۇنيا قۇرماقچى بولىدۇ.

دەرد بىلەن تونۇشقىن، تاپقايسەن داۋا،
كېسەلدە تىنچ ياتقىن، تاپقايسەن شىپا.
كەمتەر بول، چات كەرمە روناق تاپقاندا،
بولغايسەن بىر ۋاقىت دوستۇم بىناۋا.

يۇقىرىقى رۇبائىيدا شائىر ئادەمىيلىك نۇقتىسىدىن چىقىپ، مەغرۇرلۇقتىن ساقلىنىش، كەمتەر بولۇش ھەققىدىكى ئۇبرازلىق پەلسەپىۋى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مول پەلسەپىۋى پىكىرگە ئىگە رۇبائىيلىرىدا دۇنيادا ياخشى نام قالدۇرۇش، يامانلىقتىن يىراق تۇرۇش، باتۇر، جەسۇر بولۇش ھەققىدىكى مۇپەسسەل قاراشلىرىنى رۇبائىي ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرىغا قويغان.

2047. بولۇۋەرسە ئىتقا، كۆر باش ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەم ئارسلانسىمان.
2048. ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان.

بۇنىڭدىن باشلامچى ئادەم يۈرەكلىك، جەسۇر بولسا، يۈرەكسىزلەر ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ يۈرەكلىك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ياخشى نام قالدۇرۇش، مېھنەت ۋە ئىجتىھات قىلىش توغرىسىدىكى بايانلىرىدىنمۇ بۇ دانا پەيلاسوپىمىزنىڭ كېيىنكىلەر ئۈچۈن ھەردائىم غەم يەپ، ئاسايىشلىق تىلەپ، دۇنيادا ياخشى نام قالدۇرۇش، نەسىھەت نەرسىلەرنى قوغلاشماي، مەنىۋىيىتىنى بېيىتىش ھەققىدىمۇ كۆپ پىكىرلەرنى يۇرگۈزگەنلىكىنىمۇ بىلىۋالالايمىز.

بۇ ئىككى شائىرنىڭ رۇبائىيلىرىدىن بىز شۇنداق بىر ئورتاقلىقنى ھېس قىلالايمىزكى، ھەر ئىككىلىسى جەمئىيەت رېئاللىقىغا، ئادالەتسىزلىككە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ، ئۇنى ئۆزگەرتىپ

ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر غايىۋى جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىدىكى ئالىيجاناب غايە ۋە ئىزدىنىشلىرىنى ئىپادىلىگەن، ھەر ئىككىلىسى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ئارقىلىق ھۆرلۈك ۋە ئاسايىشلىققا تەلپۈنگەن.

2) ئىلىمنى ئۇلۇغلاش، ئىلىمگە چوقۇنۇش، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدىكى قاراشلىرىدا مەلۇم ئورتاقلىق بار. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىمنىڭ قەدر ــ قىممىتى، بىلىم ئىگىلەشنىڭ ئەھمىيىتى، بىلىمنىڭ خاراكتېرى قاتارلىق جەھەتتىكى كۆزقاراشلىرىنى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە سىڭدۈرگەن. شۇ ۋەجىدىن، بۇ خىل قاراشلار خېلى كۆپ قىسىم رۇبائىيلىرىدىمۇ ئەكس ئەتكەن.

154. ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.
155. ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.

1780. بىلىمسىزگە كەلسە دۆلەت بىلەن قۇت،
پۈتۈن خەلق بۇزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.
1781. ئەقىللىققا تەگسە بىر ئەل بەگلىكى،
بېرەر ئەلگە ھۇزۇر، مۇشۇ سۆزگە پۈت.

بىلىمنى ئۇلۇغلاش، ئەقىللىك، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ بەخت ــ سائادەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەش «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى رۇبائىيلارنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى. تېخىمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى، مۇئەللىپ ئادەتتە كىشىلەرنىڭ بىلىمنى «قابىلىيەت»، «ئىقتىدار» دەپ قارايدىغان كاتېگورىيەدىنمۇ ھالقىپ، بىلىم ئىقتىدارلا ئەمەس، بەلكى «كۈچ ــ قۇدرەت» دەپ مۇقىملاشتۇرغان.

ئۆمەر ھەييامنىڭ كۆپلىگەن رۇبائىيلىرىدا پىكىرنى بىۋاستە ئەمەس، بەلكى مەي، يار، گۈل، كوزا قاتارلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ھەتتا كۆپرەك ئۆزىنى مەيگە ئامراق كىشى سىياقىدا كۆرسىتىدۇ. بىراق، ياۋروپادىكى چوڭ ئەدىب، تارىخچىلار ئۆمەر ھەييامنىڭ ئۆز ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ ھاراق ئىچىپ باققان شەخس ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ③. ئۇ ئۆز ئىداسىنى قاۋاقتىن ئاڭلىتىپ، كىشىلەرگە كۆڭلىنى مەنىسىز ئۆتكۈزىدىغان غەپلەت ئۇيقۇسىدىن قويۇشنى، كۆزنىڭ جامىغا تويپا تولۇشتىن، يەنى ئۆلۈشتىن بۇرۇن قەدەھنى مەي بىلەن تولدۇرۇش (ئۆمۈر جامىنى ئىلىم شارابى بىلەن تولدۇرۇش) لازىملىقىنى ئېيتىدۇ.

سائادەت يولىغا ماڭغان بۇ ئەقىل،
ھەر كۈنى يۈز ئېيتار ساڭا: ئاڭلىغىل!
«مىنۇت»نىڭ قەدرىگە يەتكىن، ھوشۇڭ تاپ،
بىر ئۆلسەڭ تىرىلمەك قايتا يوق، بىلگىل.

ئۆلپەتنىڭ ئىشكىنى پاك دىللارغا ئاچ،
ناجىنس ئادەمدىن مىڭ يول يىراق قاچ.
بەرسە ئال بىر ئاقىل زەھەر، ئۇنى ئىچ،
بەرسە تۆك بىر ئەخمەق ھەسەل، ئۇنى چاچ.

بۇ مىسرالاردا شائىرنىڭ ۋاقىتنى قەدىرلەش، ئاقىللىقنى ھۆرمەتلەش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئاجايىپ ئوبرازلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمىدە ئىلىم ساھىبلىرىنى ئەزىز بىلىش، نىجىس ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلەش ھەققىدىكى قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ رۇبائىيلىرى بىلەن ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئىلىمنى ئۇلۇغلاش ھەققىدىكى قاراشلىرىدا يەنىلا ئورتاقلىق مەۋجۇت.

3. رۇبائىيلاردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلار

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى رۇبائىيلارغا باشتىن ـ ئاخىر ئۈمىدۋارلىق روھى سىڭىپ كەتكەن.

5025. كىشى كۆڭلى دائىم بىر ئارزۇ تىلەر،
ئاۋۇنغاي ئۇنىڭغا ئېرىشكەن قەدەر.
5026. ئېرىشسە بۇ ئارزۇ ـ تىلەككە تولۇق،
كۆڭۈلدىن چىقارۇر، سۆزىنى ئۈزەر.

3168. بىلىم بىلە يېشلىگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل، ئەقىل ئۇق، ئاڭلىق ياشىغىن.
3169. بىلىم بىرلە ئىش قىل، تىلىڭ تۇغرا تۇت،
ئۆگەن سەن، بىكارغا ئۆتمىسۇن بۇ كۈن.

بۇ رۇبائىيلاردا شائىر ھاياتنى قەدىرلەش، ئارزۇ ـ ئۈمىد بىلەن ياشاش، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك، دۇنياغا كۆلۈپ قاراش ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ.

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدا ئەينى دەۋر رېئاللىقىغا بولغان نارازىلىق تۈپەيلىدىن، ھەمىشە بىزار بولۇشتەك ئۈمىدسىز تەرەپلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئىچ شاراب، ياتارسەن يەردە كۆپ زامان،
بولمىغاي يولدىشىڭ، مۇڭدىشىڭ ئىنسان!
ئېيتمىغىن ھېچكىمگە بۇ مەخپىي سىرنى،
بىر قېتىم سولغان گۈل ئېچىلغاي قاچان!؟

دىلىم ئىلىملەردىن مەھرۇم بولماپتۇ،
بىر ئسىر قالمىدىكىم، مەفھۇم④ بولماپتۇ.

كۈنۈ تۈن ئۈيلىدىم، يەتمىش ئىككى يىل،
ئاڭلىدىم ـــ ھېچ نەرسە مەلۇم بولماپتۇ.

يۈسۈف خاس ھاجىپ ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ۋە ئەمەلدارلارنى بەزىدە مۇئەييەن دەرىجىدە ياقلايدۇ.

4999. يوقراغا ۋاجىپتۇر بېگى يارلىقى،
قەدىرلەپ ئۇنى چوڭ ـ كىچىك تۇتمىقى.
5000. ھۆرمەتلەش كېرەك بەگ سۆزىن ھەم ئۆزىن،
سىتىپ ئالغان ھىندۇ قۇل ئولسا تېخى.

4153. ئۇلۇغقا ھۆرمەت بۇ، جاھان قانۇنى،
ئۇلۇغ كەلسە قوپۇپ كۈتۈپ ئال ئۇنى.
4154. كېرەكتۇر كىچىكتىن ئۇلۇغقا ھۆرمەت،
ئۇلۇغمۇ كىچىككە قىلۇر ئەيىننى.

ئۆمەر ھەييام ئۆز زامانىسىدە پادىشاھلارنى، ئەمەلدارلارنى ماختاشتىن ئىزچىل يىراق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئوردىدا ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن ساۋاقدىشى نىزامۇل مۇلك ئۇنى ئوردىدا مۇھىم خىزمەتكە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆمەر ھەييام ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئارزۇسىنى بايان قىلىپ، بۇ تەكلىپكە قوشۇلمىغان⑤.

ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانى مۇنداق:

بولسا ھەر كىشىنىڭ بىر پۇچۇق نېنى،
پاتقۇدەك ماكانى باشۇ ھەم تېنى.
ھېچكىمگە بولمىسا يا قۇل، يا خوجا،
دۇنيادا بەختلىك سانىغىن سەن شۇنى.

بۇ ئىككى شائىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇددىئاسىنى، ئەلۋەتتە شۇ دەۋر نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەھلىل قىلىش تېخىمۇ ئاقىلانىلىك بولىدۇ. چۈنكى، بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغان مۇئەللىپلەرنى ھازىرقى دەۋرگە قويۇپ چۈشىنىش مۈشكۈل.

يۈسۈف خاس ھاجىپ بىلەن ئۆمەر ھەييامنىڭ دىن ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى بايانلىرىدا بەزى پەرقلەر مەۋجۇت. ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدا ئۆزىنى ئۆزى پاش قىلغان، تەنقىد قىلغان بىر ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئاغزىدا مۇسۇلمانلىق دەۋاسىنى قىلسىمۇ، ئەمەلىي ھەرىكىتىدە يا مۇسۇلمانغا، يا جاھىلغا ئوخشىمايدىغان ئادەملەر ئۈستىدىن زاخلىق قىلىپ كۈلىدۇ. شۇڭا، «مەي» ۋە «ئىلاھ» ۋاستىسى ئارقىلىق ئادالەتسىزلىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان.

ياراتسا دۇنيانى باشقىچە خۇدا،
بىر كۆرسەم ئۇنى مەن شۇ بۈگۈن ھەتتا،

«ئادەم»لىك دەپتەردىن ئۆچەرسۇن مېنى،
تۇزۇكرەك بىر كۈننى قىلسۇن، يا ئاتا.

مەي ئىچسەم توسۇشار بەزىلەر مېنى،
ئېيتىشار: مەي دېگەن دىنىنىڭ دۈشمىنى.
دىنىنىڭ ئۇ دۈشمىنى بولسا، مەي ئىچەي،
ئەلۋەتتە هالالدۇر دۈشمەنىنىڭ قېنى.

يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۆز رۇبائىيلىرىدا ئەخلاقىي پەزىلەت توغرىسىدا دىداكتىك پىكىر يۈرگۈزۈپ، هاراقنىڭ، زىناخورلۇقنىڭ ئىنسانغا زىيان ئىكەنلىكىنى، پەس ئارزۇ ـ هەۋەسلەردىن خالىي ئادەم بولۇش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

1337. مەي ئىچمە، زىنادىن سەن ئەيلە هەزەر،
بۇ ئىشلار گادايلىق تونىن كىيدۈرەر.
1338. هاراق مىڭ گۇناهقا پاتۇرغاي سېنى،
قاچار بەخت زىنادىن يۈزۈڭ تۆكۈلەر.

4. رۇبائىيلاردا ئىپادىلەنگەن بەدىئىيلىك جەھەتتىكى پەرقلەر

1) شەكىل جەھەتتىن ئالغاندا، «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى رۇبائىيلار بېيىت شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، كېيىنكى تەتقىقاتچىلار «تۆتلۈكلەر» دەپ ئاتىغان، بۇ بېيىتلار رۇبائىي ژانىرىنىڭ ھەممە شەرتلىرىنى تولۇق هازىرلىغان. رۇبائىيلارنىڭ قاپىيەسى ئىسخېما جەھەتتىن aaba، aabb، aaaa قاپىيە شەكىللىرىدە كەلگەن، ئادەتتە بىز رۇبائىينىڭ ئاساسىي شەكلى دەپ قاراپ كېلىۋاتقان aaba شەكلىدىكى رۇبائىيلار، بۇ رۇبائىيلار ئىچىدە 180 كۇپلېتتىن ئارتۇق بولۇپ، قالغانلىرى aabb، aaaa قاپىيە شەكلىدە كەلگەن. گەرچە بۇ رۇبائىيلارنىڭ ئىسخېمىسى هەر خىل بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇن جەھەتتىكى بىر پۈتۈن پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي پىكىرلەرنى مۇئەييەن بىر بەدىئىي فورمىدا ئەكس ئەتكۈزگەنلىك خۇسۇسىيىتى بىلەن كىشىگە غەيرىيلىك هېس قىلدۇرمايدۇ.

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ھەممىسى aaba شەكلىدە كەلگەن. يەنى 1 ـ، 2 ـ ۋە 4 ـ مىسرالىرى قاپىيەداش، 3 ـ مىسرا بولسا قاپىيەسىز ئوچۇق قالدۇرۇلىدۇ. ئۇ ئۆز رۇبائىيلىرىدا بۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلىپ، بۇ شەكىل ئۇچۇن مۇكەممەل ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن.

2) ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش جەھەتتە، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدا بىرىنچىدىن، پىكىرنى بىۋاسىتە ئەمەس، بەلكى مەي، يار، گۈل، كوزا قاتارلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى شەرھلەپ، كىشىلەرنى پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئىلهاملاندۇرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ تىلى شېئىرىي ھېسسىياتقا باي، ۋەزنى راۋان، ئوقۇغاندا خۇددى ناخشا ئېيتقانغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىنىڭ بۇ تەرىپى ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر؛ ئىككىنچىدىن، كۆچلۈك ھەجۋىيلىككە ئىگە بولۇپ، رۇبائىيلار ھەجۋىي قىلىش، مەسخىرە قىلىش، ئۆزىنى مازاق قىلىش ھەم قىزىقارلىق يۇمۇرلار بىلەن تولغان. بۇلاردا چوڭقۇر ئىچكى مەنە بولغاچقا ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇغاندىلا،

ئاندىن چۈشەنگىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، شائىر ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن بىۋاسىتە ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش، ئىما ـ ئىشارەت، سىمۋول، تەكرارلاش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانغان.

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى رۇبائىيلار قۇرۇلما جەھەتتىن مۇكەممەللىككە، مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇرلۇققا ئىگە. ئۇنىڭدا لىرىكا ئامىللىرى بىلەن ئېپىك بايان، دىراملىق ئېپىزوتلار بىلەن تەبىئەت تەسۋىرى، ئوبرازلىق تەسۋۋۇر بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرى پەلسەپىۋى تەپەككۇر بىلەن مەجاز (مېتافورا) ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغان. رۇبائىيلاردىكى تەسۋىرلەردە رېئالىزملىق روھ چاقناپ تۇرىدۇ.

دېمەك، ئۇلۇغ ئالىم، ئەدىب، مۇتەپەككۇر يۇسۇف خاس ھاجىب بىلەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر، زەبەردەس شائىر ئۆمەر ھەييام دۇنيا شېئىرىيەت خەزىنىسىدىكى بىر جۈپ گۆھەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار جاھانشۇمۇل نادىر ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە تارىخىدا ئەڭ پەخىرلىك ئورۇنغا مۇناسىپ زاتلاردۇر. ئۇلارنىڭ كېيىنكىلەر ئۈچۈن قالدۇرغان ئاشۇ بىباھا مىراسلىرى شەرق كىلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ دۇردانىسى بولۇپلا قالماستىن، ئىنسانىيەت بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىدىكى بۈيۈك نامايەندىلەردۇر.

بۇ ئىككى ئەدىبنىڭ ئەسەرلىرىنى بەدىئىي سەنئەت ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇن جەھەتتىن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى ۋە يېڭىچە تەپەككۇر يۈزلىنىشىنى يۈكسەلدۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىزاھلار:

① ③ ⑤ نۇرمۇھەممەت ئېركىي تەرجىمە قىلغان «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»، 1981 ـ يىلى نەشرى، مۇقەددىمە 4 ـ، 15 ـ، 102 ـ بەتلەر.

② ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئىسمائىل تۆمۈر نەشرگە تەييارلىغان «‹قۇتادغۇ بىلىك›تىكى رۇبائىيلار»، 1999 ـ يىلى نەشرى، 3 ـ بەت.

④ مەفھۇم ـــ چۈشەنچە، بىلىنگەن نەرسە.

پايدىلانمىلار:

① غوپۇر قادىر قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىكلار» (1ـ قىسىم)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

② مۇھەممەت ئىمىن تۇزگەن «چەت ئەل ئەدەبىياتى» دەرسلىكى ئاسىيا ـ ئافرىقا قىسمى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

③ كېرىمجان ئابدۇرېھىم تۇزگەن «چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن سوئال ـ جاۋابلار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(ئاپتور خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا)

# «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئىزلىرى

ماھنۇر يۇنۇس

«فەرھاد ۋە شىرىن» دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى تىراگېدىيەلىك ئىشق ـ مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ بىرى. «فەرھاد ـ شىرىن» ئەپسانىسى ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 590 ــ 628 ـ يىللىرىدا تەختكە ئولتۇرغان دارا بىرىنچى بىلەن خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭ نامىغا توقۇلغان رىۋايەتلەردىن باشلانغان. ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان شەرقتىكى ئۆزبېك، تاجىك، ئەزەربەيجان، ئىران، ھىندى ۋە ئەفغان خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار، دەسلەپ پارس ـ تاجىك كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئىپتىخارى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي (940 ــ 1020)نىڭ «شاھنامە»سىدە ئېپىك قىسسە قەھرىمانلىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان. ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە «فەرھاد ـ شىرىن»نىڭ يۈزدىن ئارتۇق ۋارىيانتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى گۈللىنىش دەۋرى بولغان 15 ـ ئەسىردە ياشىغان شائىر ئەلشىر نەۋائىي تۈركىي تىلدا «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىنى يېزىپ چىقتى. بۇ داستاندىكى ئەنئەنىۋى سۇژېتلار زور كۆلەمدە ھەر مىللەت خەلق ئىجادىيىتىگە سىڭىپ كىردى. خەلق سەنئەتكارلىرى داستان سۇژېتىغا يېڭى تەركىبلەرنى قوشتى، ساناقسىز ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. يېقىنقى بەش ئەسىردىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئەدىبلەر نەۋائىينىڭ ئەسىرىگە تەقلىد قىلىپ زور ھەجىمدىكى نەزىرەلەرنى يازدى، نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈردى، مەخسۇس سەنئەتكارلاردىن بولغان داستان ئېيتقۇچىلار داستاننى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. «فەرھاد ـ شىرىن» داستانى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئېغىزدىن يېزىققا، يېزىقتىن ئېغىزغا كۆچۈپ، خەلق تۇرمۇشىغا ھەمراھ بولۇپ، خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتتا ئوخشاشلا داۋاملىشىپ كەلدى.

خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات زىچ ئىچكى مۇناسىۋەتكە ئىگە. خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىگە قارىغاندا، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتىگىمۇ قاراش كېرەك. ئىنسانىيەت تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا، يېزىق پەيدا بولمىغان ئۇزاق دەۋرلەردىن باشلاپلا، ئاغزاكى ئىجادىيەت ئىنسانىيەت بىلەن بىللە مۆلچەرلىگۈسىز زور مەنىۋى بايلىقلارنى ياراتتى. ئاغزاكى تارقىلىش بىردىنبىر تارقىتىش ۋاستىسى بولۇپ، ئۇزاق يىللار جەريانىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ، پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، بىر خىل ئاغزاكى ئەنئەنە

شەكىللەندى. ھەرقانداق رايون، ھەرقانداق مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى شۇ رايون، شۇ مىللەتنىڭ ئاغزاكى ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مۇنبەت تۇپراقتۇر. ھەرقايسى رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى، دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن شەكىللىنىدىغان ئاغزاكى ئەنئەنىنىڭ بايان قىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى ھەم تىل ئۇسلۇبىدا مۇئەييەن پەرق بولىدۇ. يازما خاتىرىلەش شەكلى يازغۇما ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش شەكلى بولۇپ، يېزىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئاندىن بارلىققا كەلگەن .

ئەدەبىيات تارىخىدا، ئاغزاكى ئەدەبىيات بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان زىچ مۇناسىۋىتى داۋاملىق كۆرۈلىدىغان ھادىسىدۇر. جانلىق ھالەتتىكى خەلق ئاغزاكى ئەسەرلىرى تارقىلىش جەريانىدا ساقلىنىپ، داۋاملىق ئېغىزدىن يېزىققا، يېزىقتىن ئېغىزغا كۆپ قېتىم تەكرار ئۆتۈپ، ئاندىن سەنئەت جەھەتتە مۇكەممەل ئەسەر بولۇپ شەكىللىنىدۇ. خەلق ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتقا چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ، ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش، شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشتا زور رول ئوينىدى. ئالىملار خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرىنى مۇنداق تۆت تۈرگە يىغىنچاقلايدۇ. 1) خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتىنىڭ سۇژېت ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇن جەھەتتىكى تەسىرى؛ 2) خەلق ئاغزاكى ئەدەبىيات يازما ئەدەبىياتنى تىپىك ئوبرازلار بىلەن تەمىنلىدى؛ 3) خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتىنىڭ سەنئەت شەكلى جەھەتتىكى تەسىرى؛ 4) خەلق سەنئەت تىلىنىڭ تەسىرى. تارىختا يازغۇچىلارنىڭ خەلق ئىجادىيىتىگە بولغان تەسىرى ئاكتىپلىق ۋە پاسسىپلىق دەپ ئىككى تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ئوخشاش بولمايدۇ، بۇ ئىككىسى ئەدەبىياتنىڭ ئورگانىك گەۋدىسى بولۇپ، تەرەققىيات جەريانىدا چوڭقۇر ھەم مۇرەككەپ مۇناسىۋەتكە ئىگە.

«فەرھاد ـ شىرىن» سۇژېتى شەرق ئەدەبىياتىدا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ مەيدانغا كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا بۇ ھەقتىكى ھېكايە خەلق ئىچىدە رىۋايەت ۋە چۆچەك شەكلىدە تارقالغانىدى. «فەرھاد ـ شىرىن» ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسى بولغان ئەنئەنىۋى سۇژېت ئەسلىدە ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىن كەلگەن بولۇپ، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ تەكرار قوللىنىشى نەتىجىسىدە تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن. ئۆزبېك ئالىمى نەتەن مەللەيېف «بەشنامە ۋە خەلق ئەدەبىياتى» دېگەن ئەسىرىدە: «يازما ئەدەبىيات تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەيلى قايسى تەرەپتىن ئېيتمايلى، ھەممىسىلا خەلق ئەدەبىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئوتتۇرا، يېقىنقى شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدا بىرنەچچە ئەسىرلىك تەرەققىيات تارىخىغا ئىگە بولغان ‹خەمسە› ئىجادىيەت ئەنئەنىسىنىڭ يارىتىلىشى دەل شۇنىڭ نەتىجىسى. ‹بەشنامە› بىر تەرەپتىن كونكرېت تارىخىي شارائىت ۋە ئېھتىياجنىڭ نەتىجىسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى، ھېكايە ۋە تىل سەنئىتىدىن مول ئوزۇق ئېلىش ئاساسىدا شەكىللىنىپ، تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن...» دېگەنىدى.

خەلق ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق ئېلىپ، تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن «خەمسە» ئىجادىيىتى يەنە خەلق ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ، 15 ـ ئەسىردە نەۋائىي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان

«بەشنامە» دىكى «خەمسە» ئىجادىيىتى شانلىق ئۈلگە تىكلىگەندىن كېيىن، بۇ داستاندىكى گەنئەنىۋى سۇژىتلار زور كۆلەمدە ھەر مىللەت خەلق ئىجادىيىتىگە سىڭىپ كىردى. خەلق سەنئەتكارلىرى داستان سۇژىتىغا يېڭى تەركىبلەرنى قوشتى، ساناقسىز ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، كەڭ ئامما ئارىسىدا ئومۇملاشتى. يېقىنقى بەش ئەسىردىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئەدىبلەر نەۋائىينىڭ ئەسىرىگە تەقلىد قىلىپ زور ھەجىمدىكى نەزىرە ئەسەرلىرىنى يازدى، نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈردى، مەخسۇس سەنئەتكارلاردىن بولغان داستان ئېيتقۇچىلار داستاننى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن «خەمسە» دىكى داستانلار سۇژىتى خەلق ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالدى. جۈملىدىن، نەۋائىي «خەمسە» سىنىڭ گۈل تاجى بولغان «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىمۇ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا تەركىبلەرنى ئۆزىگە قوشۇپ، خەلق ئاغزاكى رىۋايەت ـ ھېكايىلىرىدىن مول مەزمۇن ئالدى. ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى بەزى يەر ـ جاي ناملىرى «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدىكى قەھرىمانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى. ئۆزبېك ئالىمى مەللەيېف چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ««خەمسە»دىكى «فەرھاد ـ شىرىن» خەلق ئارىسىدا تارقالدى ۋە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، بۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى يەر-جاي ناملىرىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەكابات (BeKabad) رايونىدا «شىرىن دەرياسى» (Xirinsay)، «فەرھاد تېغى» (Ferhad tag)، «خۇسرەۋ قۇدۇقى» (Husraw Kudugi) قاتارلىقلار بار، شىرئاباد (Xirabad) رايونىدا «شىرىن قەبرىسى» دەپ ئاتىلىدىغان جاينى، بايسۇن رايونىدا «بۇۋى شىرىن كەنتى»، خارەزمدە «فەرھاد تېغى» دەيدىغان جايلارنى كۆرگىلى بولىدۇ» دېگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇناسىۋەتلىك ئەپسانە، رىۋايەتلەرمۇ بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئامۇ دەرياسى ۋە زەرەپشان دەرياسىغا ئائىت ھېكايىلەرمۇ بار.

فەرھاد ـ شىرىنغا ئالاقىدار بولغان رىۋايەت ـ ھېكايىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېك، تاجىك، تۈركمەنىستان مىللەتلىرىگە تەۋە بولۇپ، بۇ ھېكايىلەردە سۆ مەسىلىسى ئىشق ـ مۇھەببەتتىكى سىناق بولغان. مەسىلەن: ئۆزبېك خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان فەرھاد ـ شىرىنغا ئالاقىدار بولغان ھېكايە مۇنداق:

ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى، كەمبەغەل بىر ئادەمنىڭ فەرھاد ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. كېيىن ئۇ ئادەم ۋاپات بوپتۇ، ئۇنىڭدىن ئوغلى فەرھادقا بىر كەتمەن بىلەن بىر ساندۇق مىراس قاپتۇ. فەرھاد ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا، ئىچىدە غەلىتە بىر ئەينەك تۇرغۇدەك، ئەينەككە قارىسا ناھايىتى گۈزەل بىر قىز كۆرۈنۈپتۇ، ئۇ قىزنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق ـ بىقارار بولۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا، دوستى شاپۇر كېلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. فەرھاد بىلەن شاپۇر بۇ گۈزەل قىزنى ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق يول يۈرگەندىن كېيىن بىكئاباد دېگەن بىر جايغا كەپتۇ. بۇ جايدىكى كىشىلەر جاپالىق ئەمگەك قىلىپ ئېرىتىش دەرياسىنىڭ سۈيىنى قاقاسلىقتا باشلاۋاتقانىكەن. فەرھادمۇ ئاتىسىدىن قالغان كەتمەن بىلەن ئەمگەك قىلىپ ئەتراپتىكىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. بىكئابادنىڭ ھۆكۈمرانى گۈلچىھرە بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، جىيەن قىزى شىرىننى باشلاپ ئىش مەيدانىغا كەپتۇ ھەمدە فەرھادنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا زىياپەت بەرمەكچى بوپتۇ، شۇ ۋاقىتتا فەرھاد ئەينەكتە كۆرۈنگەن گۈزەل قىز شىرىننى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ مەپتۇن بوپتۇ.

شىرىننىڭ گۈزەللىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان ئىران شاھى خۇسرەۋ تۇغقان بولۇش ئۈچۈن

شىرىنغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. بىراق شىرىن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن خۇسرەۋ بىكئابادقا ھۇجۇم قىپتۇ. بىراق، فەرھاد تاغدىن غايەت زور تاشلارنى دومىلىتىپ خۇسرەۋ قوشۇنلىرىنىڭ يولىنى توسۇپتۇ، خۇسرەۋ ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قىلىپ: «كىم مىرزا قۇملۇققىغا سۇ باشلىيالىسا، شۇ شىرىنغا ئېرىشىدۇ» دېگەن شەرتنى قويۇپتۇ. فەرھاد ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ ھەم دەرھال ئىشقا تۇتۇش قىپتۇ. ئەمما، خۇسرەۋ ھىيلە ئىشلىتىپ مىرزا قۇملۇققىغا سۇ باشلىغان قىياپەتكە كىرىۋاپتۇ. شىرىن خۇسرەۋگە ياتلىق بولۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. بىراق، كۆن يورۇغاندىن كېيىن، شىرىن ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، يىغلىغىنىچە فەرھاد تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. فەرھادمۇ شۇ ۋاقىتتا بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانىكەن، ئۇلارنى ئېرتىش دەرياسى ئايرىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار ئىككى قىرغاقتا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپتۇ. ئامالسىز قالغان فەرھاد قولىنى كۆتۈرۈپ ئاللادىن تىلەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تاغقا ئايلىنىپتۇ، شىرىننىڭ كۆز يېشى دەرياغا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ تاغنى «فەرھاد تېغى»، بۇ دەريانى «شىرىن دەرياسى» دەپ ئاتاپتۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالالايمىزكى، فەرھاد ـ شىرىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خەلق رىۋايەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا كۆپ قىسمى «دەريا، سۇ» بىلەن باغلانغان ھالدا تارقالغان. چۈنكى، سۇ مەسىلىسى، قاقاسلىقنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش سۇژېتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر خەلق ئەدەبىياتىدا فەرھاد ـ شىرىننىڭ مۇھەببەت تارىخىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن باغلىنىدۇ. دوكتور ئەسئەت سۇلايماننىڭ كىتابىدا مۇشۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئەفزەلوۋ: «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدىكى سۇژېتنىڭ نەچچە ئەسىر داۋامىدا خەلق ئېجادىيىتىدە تەكرار ئىشلىتىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ يۈرەك ساداسىنى، ئەركىن تۇرمۇش، تىنچ ـ ئاسايىشلىققا بولغان ئىنتىلىشى، سۇ ئۈچۈن كۆرەش قىلىش، دۆلەتنى قوغداش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتەك غايىسىنى ئەكس ئەتكۈزدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ تەكرار ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ» دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇنىڭدىن سىرت يەنە «فەرھاد ـ شىرىن» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان رىۋايەت، ھېكايىلەر تۈركمەن، ئەزەربەيجان، تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتىدىمۇ كەڭ تارقالغان. مەسىلەن: فەرھاد ـ شىرىننىڭ مۇھەببەت قىسمىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى رىۋايەتلەر ئاناتولىيە ئېگىزلىكىدىكى مەلۇم جايلارنىڭ يەرناملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەپسانە، رىۋايەتلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. ئاماسىيە دەپ ئاتىلىدىغان جاينىڭ بىر رايونىدا تارقالغان فەرھادنىڭ تاغ تېشىپ سۇ باشلاشتەك تەسىرلىك ھېكايىسى بار بولۇپ، شىرىننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن فەرھادقا دەريا ئاچقۇزۇپ، قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئۆي سالدۇرۇپ بەرگەنلىك ھېكايىسى تارقالغان.

ھازىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئارىسىدا تارقالغان خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتىدىن قارىغاندا، فەرھاد ـ شىرىن سۇژېتىنىڭ ھەر مىللەت خەلق رىۋايەتلىرىدە خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

شىرىن قۇرباننىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 1994 ـ يىلى نەشر قىلغان (خەنزۇ تىلىدا) «جۇڭگو تاجىكلىرى» دېگەن كىتابىدا شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى پامىر ئېگىزلىكىدە ياشىغۇچى تاجىك خەلقلىرى ئارىسىدا فەرھاد ـ شىرىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان رىۋايەت ۋە بىر قىسىم يەر جايلىرىنىڭ

بارلىقى بايان قىلىنغان. مەسىلەن، تاشقورغاندىكى تاجىك خەلقلىرى ئارىسىدا فەرھاد ـ شىرىننىڭ گۈزەل رىۋايەتلىرى كەڭ تارقالغان «فەرھاد ئۆستىڭى» توغرىسىدىكى رىۋايەتتە، تاشقورغان دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى، ھەيۋەتلىك گەندەيكار تېغىنىڭ تاغ ئېتىكىنى بويلىغان بىر قەدىمكى ئۆستەڭنىڭ ئىزى بار بولۇپ، دابۇدار يېزىسىنىڭ ئىچكىبويى دېگەن جايدىن باشلىنىپ، گەندەيكار تېغىنىڭ ئۇ چېتى سىتەي كىگۈز دېگەن جايدا ئاخىرلىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 160 كىلومېتىر. بۇ ئۆستەڭنى كىم قازغان؟ رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەردە شىرىن دەيدىغان بىر ساھىبجامال ئۆتكەنىكەن، ئۇ فەرھاد دېگەن قەھرىمان يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن سىلىكورنىڭ پادىشاھى خۇسرەۋمۇ شىرىننى كۆرۈپلا، خوتۇنلۇققا ئالماقچى بوپتۇ. شىرىن فەرھادنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، بىراق خۇسرەۋنىڭ ئۆزلىرىگە ئارام بەرمەيدىغانلىقىنى، قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغانلىقىنى، فەرھاد بىلەن بىرلىشىشنىڭ قۇرۇق خىيال ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن شىرىن بىر ياخشى چارە ئويلاپتۇ، ئۇ خۇسرەۋ بىلەن فەرھادنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم قارشى يۆنىلىشتە بىر ئۆستەڭ قېزىش، ئۆستەڭدە ئاققان سۇ ئەڭ بولمىغاندىمۇ تۆت ياشلىق كالىنى ئېقىتالىشى، كىم بۇرۇن قازسا، شۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. فەرھاد ئۆستەڭنى بۇرۇن قېزىپ بوپتۇ، سۇ ئەكېلىپ ئۆستەڭنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەيدىغان ۋاقىتتا، سۇ تۆت ياشلىق كالىنى ئېقىتىپ كېتەلمەپتۇ. ئۇ جىددىيلىشىپ تۇرسا، بىر قېرى موماي كېلىپ ئۇنىڭغا: «بالام، سەن مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتتە بۇ ئۆستەڭنى قازغان بولساڭمۇ، بىراق تۆت ياشلىق كالىنى تاشقورغان دەرياسىنىڭ سۈيىمۇ ئېقىتالمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟» دەپتۇ، قېرى موماي يەنە ئەقىل ئىشلىتىپ: «بىر ئۆلۈك كالىنى ئەكېلىپ، كالىنىڭ تېرىسىنى شىلىپ، تېرە ئىچىگە لىق ئوت ـ چۆپ تىقىپ، تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن شىرىن كېلىپ سىنىسۇن، ئۇنىڭ كېلىشىنى ساقلا، ئاندىن ياسىغان كالىنى ئۆستەڭگە ئېتىرىپ ئېقىتىۋەت، شۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتىدۇ» دەپتۇ. شۇ ۋاقىتتا، بۇ خەۋەر ئاللىبۇرۇن خۇسرەۋنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بوپتۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆستىڭى پۈتمەيلا مەغلۇپ بولغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاچچىقىدا ئەسكەر ئەۋەتىپ، كەنتنى ۋەيران قىلىپ، فەرھادنى ئۆلتۈرۈپ، شىرىننى بۇلاپ كەلمەكچى بوپتۇ. بىر مەككار موماي ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ، ھەرگىز قورال كۈچى ئىشلەتمەسلىك، ئەگەر قورال ئىشلەتسە، خەلقنىڭ لەنىتىگە قالىدىغانلىقىنى، بىر ھىيلە ئىشلەتسىلا، فەرھادنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. خۇسرەۋ مەككار مومايىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنى تارتۇقلاپ، ئىشنى پۈتكۈزۈشنى تاپىلاپتۇ. مەككار موماي فەرھادنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن قىياپەتتە ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپتۇ. فەرھاد مومايدىن نېمە ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ فەرھاد ئۇچۇن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، چۈنكى شىرىن ئاللىقاچان خۇسرەۋنىڭ قوينىدا بەخت پەيزىنى سۈرۈۋاتسا، ئەكسىچە فەرھادنىڭ ئۆستەڭ قازىمەن دەپ بىھۇدە جاپا چەككىنىگە ئىچىنغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. فەرھاد بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، يۈرىكى پارە ـ پارە بولۇپ، ئاچچىقتا بىر تاشقا بېشىنى ئۇرۇپلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. مەككار موماي ھىيلىسىنىڭ ئىشلىگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال شىرىننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭغا فەرھاد ئۆستەڭ قېزىۋاتقاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن تاغدىكى تاش بېسىۋېلىپ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. شىرىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. فەرھادنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىغا بېرىپ نالە ـ پەرياد چېكىپتۇ ھەم ئۆزىنى

خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. كىشىلەر هايات ۋاقتىدا مۇرادىغا يېتەلمىگەن بۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلارنى بىللە دەپنە قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن فەرهاد ئۆستىڭى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان بىر جايغا ئايلىنىپتۇ.

يۇقىرىقى رىۋايەتتىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تاشقورغان رايونىدىكى تاجىك خەلقى ئارىسىدا «فەرهاد ـ شىرىن» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان رىۋايەتلەر ناهايىتى زور دەرىجىدە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. چۈنكى، پارس، تاجىك شائىرلىرىنىڭ قەلىمىدىكى «خۇسرەۋ ـ شىرىن»دا ئىران پادىشاھى خۇسرەۋ بىلەن شىرىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى تەسۋىرلەنگەن. فەرهاد پەقەت قوشۇمچە پېرسوناژ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاجىك ئەدەبىياتىدىكى رىۋايەتلەردە ئىران پادىشاھى خۇسرەۋ ئىزچىل هالدا ئىجابىي پېرسوناژ بولۇپ كۆرۈلىدۇ. 15 ـ ئەسىردە نەۋائىي فەرهادنى باش پېرسوناژ قىلىپ، خۇسرەۋنى سەلبىي پېرسوناژ قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، فەرهاد، شىرىن، خۇسرەۋ ئارىسىدىكى هېكايىلەر نەۋائىينىڭ سۇژېتىغا تەقلىد قىلىنىپ تارقىلىدۇ. تاشقورغاندىكى تاجىك خەلقى ئارىسىدىكى «فەرهاد ئۆستىڭى» ھەققىدىكى رىۋايەت، بەلكىم ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن.

«فەرهاد ئۆستىڭى» ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ بىرنەچچە خىل ئۆزگەرگەن شەكلى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەردە فەرهاد گۈزەل قىز شىرىننىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن قاقاس تاغقا كېلىپ ئۆستەڭ قازىدۇ، كېيىن ئۆستەڭ بارغانسېرى كېڭىيىپ دەريا بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن «زەرەپشان دەرياسى» دەپ ئاتالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان فەرهاد ـ شىرىن رىۋايىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك هېكايىلەرنىڭ ھەر خىل ئۆزگەرگەن شەكلى جايلارنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن باغلانغان هالدا شەكىللەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى مۇنداق تارقالغان: فەرهاد دەپ ئاتىلىدىغان غايەت زور ئادەم چىن مەملىكىتى پادىشاھىنىڭ قىزى شىرىننى كۆرۈپ، كۆيۈپ قالىدۇ. شاھ قىزىنى فەرهادقا بەرمەسلىك ئۈچۈن، بىر مەككارنىڭ مەسلىھەت كۆرسىتىشى بىلەن، ئۇنى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ مەركىزىگە بىر قەلئە قۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. فەرهاد تاش يۆتكەپ كېلىپ قەلئە سالىدۇ، قەلئە پۈتەي دېگەندە، پادىشاھ يەنە هېلىقى مەككار خوتۇننىڭ هىيلىسى بىلەن شىرىن ئۆلدى دېگەن ئېغۋانى تارقىتىدۇ. فەرهاد بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازاب چېكىدۇ، ھەمدە يوغان بىر تاشنى ئۇستىگە تاشلاپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. شىرىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرهال ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىگە پىچاق ئۇرۇپ ئۆلۈۋالىدۇ. يەكەن ناھىيەسىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان «فەرهاد دەرياسى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر رىۋايەتتە: «شىرىننىڭ ئاتىسى شىرىننى فەرهادقا بېرىش ئۈچۈن، ئۆستەڭ قېزىپ سۇ باشلاش شەرتىنى قويىدىكەن، ئۇ تاغنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى پۈتەي دېگەندە، شىرىننى ياخشى كۆرىدىغان ئىران پادىشاھى خۇسرەۋ فەرهادنىڭ يېنىغا بىر مەككار خوتۇننى ئەۋەتىپ، شىرىننىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ، فەرهاد بۇ ئازابقا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. شىرىن فەرهادنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇمۇ ئوخشاشلا ئۇ دۇنياغا كېتىدۇ. فەرهاد تاغ يېرىپ ئاچقان بۇ ئۆستەڭ كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن <زەرەپشان دەرياسى> دەپ ئاتالغان».

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان يەنە بىر قىسىم رىۋايەتلەر ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ رىۋايەتلەر

مىڭئۆي قورۇلۇشى بىلەن باغلىنىشلىق، مەسىلەن، كۇچا، باي، شايادا تارقالغان «قىزىل مىڭئۆي رىۋايەتلىرى»دە بايان قىلىنغان مۇنداق بىر سۇژىت بار: قەدىمكى دەۋردە گۈيزى پادىشاھىنىڭ شىرىن ئاتلىق بىر قىزى بولۇپ، فەرھاد دېگەن بىر نامرات بالا شىرىننى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، پادىشاھ فەرھادقا قىزىل تاغنى تېشىپ مىڭئۆي ياساش شەرتىنى قويىدۇ. فەرھاد بار كۈچى بىلەن مىڭئۆي ياساشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. 999 ئۆي ياسىلىپ بولغاندا، فەرھاد بەك ھېرىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. شىرىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال كېلىپ فەرھادنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يىغلايدۇ، ئاخىرى فەرھادقا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، پادىشاھ ئوۋغا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك قايغۇرىدۇ، ئۆز قولى بىلەن تورغاي ئۇچۇرىدۇ، بۇ تورغايلار ھەر كۈنى سەھەردە مىڭئۆي ئۈستىگە قونۇپ ھەسرەتلىك سايرايدۇ، كېيىن فەرھاد بىلەن شىرىننىڭ قەبرىسى ئەتراپىغا قىزىل گۈللەر ئۈنىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر فەرھاد ئويغان مىڭئۆينى «قىزىل مىڭئۆي» دەپ ئاتىغان.

«يىغا تېغى رىۋايىتى»دە خوتەن شاھزادىسى فەرھاد گۈيزى مەلىكىسى شىرىننى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. فەرھاد شىرىن ئۈچۈن تاغ يېرىپ مىڭئۆي ياسايدۇ، بۇ قورۇلۇش پۈتەي دېگەندە، ۋەزىرنىڭ ئوغلى فەرھادقا قەست قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ، شىرىنمۇ فەرھاد جەسىتىنىڭ يېنىدا ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، فەرھاد قازغان مىڭئۆي ئاستىدىن نۇرغۇن كۆز ئېچىلىپ بۇلاق سۈيى تېشىپ چىقىدۇ. تاغ ئۇلار ئۈچۈن خۇددى ئادەمدەك يىغلايدۇ.

داستاندا ئىپادىلەنگەن مۇتىف ۋە ئىلاھىي ئوبرازلاردىنمۇ خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. داستاندىكى بالا تىلەش مۇتىفى، ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈش مۇتىفى، سىناق مۇتىفى، قوشۇپ دەپنە قىلىش مۇتىفى قاتارلىقلار ئاساسلىق بايان ئامىللىرى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدا داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ، خىزىر ئوبرازى بولسا ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدا داۋاملىق ئۇچرايدىغان ئىلاھىي ئوبراز. بولۇپمۇ، خەلق ھېكايىلىرى ۋە خەلق داستانلىرىدا بەك كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ ئوبرازلار داۋاملىق قەھرىمان قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئىلاھىي ئوبرازلار قەھرىماننىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە ياردەم بېرىدۇ ۋە كېيىنكى ئىشلىرى ئۈچۈن يول باشلايدۇ، ئۇ داۋاملىق كۆلۈمسىرىگەن، چاچلىرى ئاقارغان قىياپەتتە مەيدانغا چىقىدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان فەرھاد ـ شىرىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان رىۋايەتلەر ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى بىر تەرەپتىن، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ باغلانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر خەلقى ھېكايە ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھۆرلۈك غايىسى، ئارزۇسى ۋە گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىگەن. بۇ داستاننىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا تەكرار ـ تەكرار تەسۋىرلىنىشىنىڭ سەۋەبى بىر ئىغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا سۇژىتنىڭ «مۇقەددەس»لىكىدىندۇر. شۇڭا، «فەرھاد ـ شىرىن» سۇژىتىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ناھايىتى يۇقىرى.

(ئاپتور شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ژۇرناللار نەشرىياتىدا)

ھاشىرجان ئىمىن

# ئىلىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق ۋە ئىلى ناخشىلىرى

18 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي ئىلگىرىلىشىمۇ باشقىدىن تۈس ئېلىپ، چىڭ سۇلالىسى ئاچقان يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرا رايونىنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش جەھەتتە زور نەتىجىلەرنى ياراتتى. چىڭ سۇلالىسى ئىلى قاتارلىق جايلارنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇش ئۈچۈن «ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى»نى قۇرۇپ، مۇشۇ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى ئارقىلىق خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. ئوخشاشلا ئۇيغۇرلار رايونىدا مەمۇرىي ئىشلارنى ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىپ ئۇلارنى جاڭجۈن مەھكىمىسى كۆزىتىپ تۇردى. ئىلىدا قۇرۇلغان «ئىلى گوڭ بەگلىكى»مۇ بىر يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن فېئوداللىق ھاكىمىيەت ئورگىنى بولسىمۇ، بىراق ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ يىراق چېگراسى بولغان ئىلىنى ئېچىش ۋە ئاۋات قىلىشتا ئۆزگىچە تۆھپىسى بار ئىدى.

تارىختا قۇرۇلغان ئىلى گوڭ بەگلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن ئاز ـ تولا خەۋەر تاپساق تارىخنى چۈشىنىشىمىزگە پايدىسى تېگەر دەپ بەزى ۋەقەلەرنى ئەسلەپ ئۆتتۇق:

«... جياچىڭنىڭ 10 ـ يىلى (1805 ـ يىل) 10 ـ ئاي.

يارلىق: ھەربىي ئىشلار ۋەزىرلىرىگە!

سوڭ جۈن قاتارلىقلار ئىلى ھاكىمبېگى ئورانزىپنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مەنسىپىگە ئوغلى مىلىكىزاتنى تەيىنلەشنى، ئىلى ھاكىمبېگى ئورانزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ھاكىمبەگلىك مەنسىپىنىمۇ تەيجىلىك مەنسىپىگە قوشۇپ ئۇنىڭ ئوغلىغا بېرىشكە تەستىقلاپ بېرىشىمىزنى سورىدى. ھاكىمبەگلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىنى بېجىرىدىغان مەنسەپ بولۇپ، مەسئۇلىيىتى ئېغىر ۋەزىپە. مىلىكىزات ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلىسە ھەمدە يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرالىسا، سوڭ جۈن نامىدا بۇنى ئىزھار قىلىپ تەستىقىمىزنى كۈتسۇن. بۇ تامامەن مۇمكىن.» (چىڭ سۇلالىسى تارىخى 76 ـ جىلد).

خانلىقنىڭ مۇشۇ كۆرسەتمىسى بىلەن سوڭ جۈن مىلىكىزاتنى بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجى ئۇنۋانى بار خادىم ھەمدە ئىلى ھاكىمبېگى قىلىپ بېكىتتى.

مىلىكىزات ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا ئاق تاغلىقلار خوجىلىرىنىڭ ئىشانلىق زىكرىلىرى تازا ئەۋج ئالغان چاغلار بولۇپ، ئىلىدىكى بەگ ۋە دىنىي ئۆلىمالار مۇنداق ئەقىدىنىڭ ئىلىدا يولغا قويۇلمىغانلىقىنى چوڭ نۇقسان دەپ بىلىپ، جەنۇبتىن خوجا، ئىشانلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىلىغا ئېلىپ چىققانىدى. ئەنە شۇلاردىن تۇرپاندىن كۆچۈپ كەلگەن پادىشاھ قۇلى خوجام قاش كەنتىدە، ئۇنىڭ ھەمراھى نەزەر سوپى قاينۇقتا تەسەۋۋۇپچىلىق ئەقىدىلىرى بىلەن

شۇغۇللىنىۋاتقانىدى. پادىشاھ قۇلى دەسلەپتە كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن رامىزان ئايلىرىدا قۇرئان سۈرىلىرىنى ئون ـ يىگىرمە نۆۋەت ئوقۇپ پۈتكۈزۈپ ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ دائىم دۇئا ـ تەكبىر ئۆتكۈزۈپ توردى. ئۇ بىتاھارەت ئىش قىلمايتتى، ھەر يىلى داش قاينىتىپ نەزىر ـ سىپارەلەرنى ئۆتكۈزۈپ يۇرت ـ يۇرتتىن كىشىلەرنى چاقىرىپ داغدۇغا ھاسىل قىلاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى يۇرت كۆڭلىگە يېقىپ تېزلا نامى تارالغانىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پاك ـ دىيانەتلىك بىلەن ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ ھەمراھى نەزەر سوپىمۇ ئەجدادلىرىنىڭ روھىنى ئۈچۈرمەيدىغان نەزەرى كەڭ ئادەم بولۇپ، ئىسمىغا لايىق تەرىقەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ قومۇلدىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ پاك ئىشلىرىنى قاينۇق دىيارىدا تەشۋىق قىلىپ ئالەمدىن پاك ئۆتتى. ئۇنىڭ جەسىتى قويۇلغان ئورۇنغا مازار تۇرغۇزۇلۇپ تاكى ھازىرغىچە زىيارەتگاھلاردىن بولۇپ كەلدى. پادىشاھ قۇلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئاللا قۇلى ئاتىسىنىڭ خەلىپىلىك ۋەزىپىسىگە ئولتۇردى.

بۇ زاتمۇ ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ يۇرت ئەھلىنى ئىمانلىق بولۇشقا دەۋەت قىلىپ كەلدى. ئۇ بىر يىلدا ئىككى نۆۋەت (سەپەر ئاينىڭ 22 سى ۋە رامىزان ئېيىنىڭ 17 ـ كۈنىدە) خەتمىقۇرئان، سىپارە ئۆتكۈزۈپ يۇرت ـ يۇرتلاردىن كىشىلەرنى چاقىرىپ ئىبادەت ـ ئىخلاسمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرغاچقا، كىشىلەر ئارىسىدا ئابرۇيىغا ئېرىشتى. ئەلى گوڭ بەگلىكىنىڭ دىنىي ئۆلىمالىرىمۇ بۇ يۇرتقا دائىم چىقىپ تۇراتتى. قاش كەنتىنىڭ شەھەرگە يىراق ھەم خىلۋەت بىر جاي ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئەلى ئۆلىمالىرى خەلىپىگە مەسلىھەت كۆرسەتتى:

ـ خوجام، ئۆزىڭىز چەت ـ يىراق جايدا ئولتۇرۇپ قالدىڭىز، نەزىر ـ چىراغ، سىپارەلەرنى ئۆتكۈزگەندە بېرىپ ـ كېلىشىمىزگە بەكمۇ قولايسىز ئىكەن. ئارا ئۆستەڭنىڭ بولاقبېشى كەنتىدە بىر بۇلاق سۈيى بار، جانابىڭىزغا شۇل يەردىن مىراسلىق يەر، سۇ بەرسەك، شۇ يەردە ئولتۇرۇپ داش قاينىتىپ يۇرتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ بەرسىڭىز زەپ ئوبدان بولاتتى، ـ دەپ ئېيتقاندا، خەلىپە بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىپ بۇلاقبېشىغا كۆچۈپ كەلگەن. نەتىجىدە، ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلگەن نەزىر ـ چىراغلارغا ئەلى ئۆلىمالىرى قاتنىشىپ تونەپ كېتىشكەنىدى. بۇ زاتنىڭ ئۆمرى يەتمىشكە يېتىپ ئالەمدىن ئۆتتى. كىشىلەر بۇ زات ياتقان جايغا مازار تۇرغۇزۇپ ئۇنى دائىم سېغىنىپ، ئەسلەپ تۇرۇشتى. بۇ زاتنىڭ ئورنىغا ئوغلى خۇداقۇلى ئولتۇرۇپ ئوخشاشلا ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇمۇ ھەر يىلى ئۆتكۈزگەن نەزىر ـ چىراغ، سىپارەلەرگە يۇرت ـ يۇرتلاردىن ئوردا بەگلىرى قاتارلىقلارنى چاقىرىپ بۇ ئىشلارنى زور داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزدى. يىراق ـ يېقىنلاردىن كەلگەن كىشىلەر بۇ ئائىلىدە قونۇپ قالاتتى ۋە بۇ كۈنلەردە خەلىپە بىرنەچچە سوپىلارنى چاقىردى ھەمدە ئۆز زىكرى سۆھبەتلىرىنى تېخىمۇ تەسىرلىك قىلىش ئۈچۈن ھاپىزلارنىمۇ، ئەلنەغمىچىلەرنىمۇ قاتناشتۇرغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ پىرىخونلۇق ھەرىكىتى قويۇق دىنىي تۈس ئالغان بولۇپ، تەڭرىگە ئىلتىجا قىلغان داخان ـ باخشىلارنىڭ ئايلىنىپ يۈرۈپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئۇسسۇل شەكلى ئىدى. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئىمانى كامىل» دەپ ئاتاپ خەلق ئارىسىدىكى ناخشا ـ سازلارغا شۇنچە ئۆچ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغان، يەنى تەرغىب قىلىشقا پايدىلىق ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىدىن پايدىلانغانىدى. نەتىجىدە، ئىشان ـ باخشىلار ھاپىزلار ئېيتقان تەركىدۇنياچىلىق ناخشىلىرىغا جور بولۇپ، ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. بۇ ناخشىلارنىڭ ئاھاڭى مۇڭلۇق، رىتمى سالماق، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى سىلىق بولۇپ، دىنىي كەيپىياتنى تېخىمۇ ئەۋجگە چىقىراتتى. سوپى ـ ئىشانلار ئېيتقان بېيىتلارغا ئۇلار «ئاللا ـ ئاللا» دەپ تۇۋلاپ، بىرنەچچىلىرى ھوشلىرىدىن كېتىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى لەرزىگە سالاتتى. ئەنە شۇ چاغدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا كۆچۈپ چىققان جاھانكەزدى

دەرۋىشلەر، جاپاكەش ئىشلەمچىلەر، سوپى ـ ئىشانلار، ئاشىقلار قاتارىدا ئىمىن نەغمىچى دېگەن مەشھۇر سازەندە بار ئىدى. ئۇ خانىقالاردا ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىپ كىشىلەرگە تونۇلغانىدى. ئۇ ھەممە نەغمىلەرنى ۋايىغا يەتكۈزگەن ئادەم ئىدى. راۋاب، قالۇن، ساتار، تەمبۇر، داپلارنى ساداغا كەلتۈرۈپ، ئۆزھال، مۇشاۋىرەك، ئۇشاق، چەبىيات قاتارلىق مۇقاملارنى مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن ئىختىرا قىلاتتى، يېقىملىق ئاۋازى بىلەن غەزەل ئوقۇپ ساماغا چۈشسە، بىرقانچە سوپىلار ھوشلىرىدىن كېتەتتى ھەمدە بۇ نەغمىلەردىن پەيز ـ پۇتۇھاتلار بولۇشۇپ، يىغا ـ زار، دۇئا ـ تەلەپلەر بولغانىدى. ئىلى ھاپىزلىرى ئېيتقان خانىقا ـ تەلقىن ناخشا ئاھاڭلىرى ئەنە شۇ چاغدىن تارتىپ خەلق ئارىسىغا تارقىلىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ شۇ چاغلاردا تارقالغان نەقشىبەندىچىلەرنىڭ سوپىزم ـ تەسەۋۋۇپچىلار ئۈچۈن ئىشلىگەن داستان ـ مەشرەپ ناخشىلىرى قاتارىدا ئەزان ناخشىسى، بارات ناخشىلىرى، رامىزان قوشاقلىرى، نورۇز ناخشىلىرى، بەگلەر نەغمىسى ۋە مەۋلۇت ئاھاڭلىرى قاتارلىقلار خەلق ئارىسىغا تارقىلىشقا باشلىغانىدى.

خۇدا قۇلى ھەر يىلى يۇرت ـ يۇرتلارغا چىقىپ شۇ يۇرتلاردا ئۆتكۈزۈلگەن سىپارەلەرگە دائىم قاتنىشىپ كەلدى ھەمدە ئۆزىگە ئەگىشىپ چىققان سوپى ـ ئىشانلار بىلەن بىرلىكتە ئەلنەغمىچىلىرىنىمۇ بىللە ئېلىۋالاتتى. سىپارەلەر ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن تۈنەك كېچىلىرىنى ئۆتكۈزەتتى. بۇ تۈنەك كېچىلىرى سوپى ـ ئىشانلار ۋائىزلىقلىرىنى قىلسا، ئەلنەغمىچىلەر مۇقام سازلىرىنى چېلىپ يۇرت ئىچىدە داغدۇغىلارنى پەيدا قىلاتتى ھەمدە يۇرتلاردىن يىغىلغان سەدىقە ـ نەزىرلەرنى يىغىپ ئۇلارنى يىراقتىكى خوجا ـ ئۇلۇغلارغا سوۋغا قىلىپ تۇراتتى. خۇدا قۇلى خەلپىتىنىڭمۇ يېشى يەتمىشكە يېتىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئىلىنىڭ بارچە ئادەملىرى، ئوردا بەگلىرى مەرھۇمنىڭ نامىزىغا داخىل بولۇپ زور ئابرۇي تاپقانىدى. بۇ خەلپىتىنىڭ ئۈچ پەرزەنتى بولۇپ، ئىككىسى ئوغۇل، بىرى قىز ئىدى. ئوغلىنىڭ چوڭى شەمشىدىن، ئىككىنچىسى كامالىدىن ئىدى. قىزىنى كېيىن خالىزات ھېكىمبەگكە ياتلىق قىلىپ شۇ ئاغچىدىن مەزەمزات تۇغۇلغانىدى. شۇ سەۋەبلەردىن شەمشىدىن خەلپىتىنىڭ نامى ئىلى تەرەپتە ھۆرمەتلىك ئىدى.

ئىلى ئوردا بەگلىرى ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ دەپ شەمشىدىننى خەلپە قىلىپ بېكىتكەنىدى.

موللا شەمشىدىنمۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ يۇرت ئەھلىنىڭ ياخشى نەزەرىگە ئېرىشتى. ئۇ ھەر يىلى بارات ئېيىنىڭ 17 ـ كۈنى سىپارە ئۆتكۈزگەندە، شەھەردىكى ئۇلۇغلار بۇ يۇرتقا چىقىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالغاندا، شەمشىدىن سوپى ـ ئىشانلار ۋە ئەلنەغمىچىلەرنى چاقىرىپ ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن موللا روزى نەغمىچىنى تەكلىپ قىلىپ سۆھبەتكە قاتناشتۇراتتى. موللا روزى نەغمىچىنىڭ بۇ سۆھبەتلەرگە قاتنىشىشى زىكرى ـ سۆھبەتنى ئىمىن نەغمىچى دەۋرىدىكىدەك جۇشقۇنلۇققا ئىگە قىلاتتى. مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، بۇ سۆھبەتلەرگە ئاياللارمۇ قاتنىشىپ ئايرىم ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ تۈنەك كېچىلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان بولغان. ئۇلارمۇ ئۆزلىرى بىلگەن تىلاۋەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، سويۇلغان كالا، قويلارنىڭ ئۈچەي ـ قېرىنلىرىنى پاكىز تازىلاپ، ئالايىتەن بىر قازاندا ئۇماچ ئېتىپ، ھەممىسىنى ئېغىز تەگكۈزەتتى. مانا بۇ ئۈچەي ـ قېرىن ئېشىغا (ئۇماچقا) ئېغىز تەگكەن ئوردا بەگلىرى بۇ خىل تاماقلارنى يەپ ماختايتتى ھەمدە ئۇلارغا كۆپ دۇئالارنى قىلاتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئىلى رايونىنىڭ سەھرا ـ يېزىلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلاردا ئۈچەي ـ قېرىن ئۇمىچى تاماق تۈرى بولۇپ كەلگەنىدى. ھېلىمۇ بۇ تاماق سەھرا ـ يېزىلاردا ئەنئەنىۋى تاماق ھېسابلىنىدۇ. موللا روزى نەغمىچى تۈنەك كېچىلىرى ئېيتقان دولان مۇقاملىرى خەلق قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى، بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇنى ئۇستاز تۇتقانىدى. بۇ نەغمىچى ئەلنىڭ دۇئاسى بىلەن بىر

كۆنمۇ ئاغرىپ يېتىپ قالماي، يېنى يەرگە تەگمەي، كۆز نۇرىدىن قالماي، پاك ئىمانى بىلەن سەكسەن بەش يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەندى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن موللا روزىنىڭ شاگىرتلىرى، سوپى ئىشانلار بىلەن يۇرت - يۇرتلاردا تۇنەك كېچىلىرىنى بىللە ئۆتكۈزۈپ، نەغمە - سازلىرىنى چېلىپ خەلق قەلبىنى ئۇتۇپ كەلگەنىدى.

تاجى ھېكىمبەگ شەمشىدىن خەلپەمنى مېنىڭ قېيىنئاغام دەپ ھۆرمەت قىلاتتى. لېكىن، شەمشىدىن خەلپەمنىڭ شۇ چاغلارغىچە پەرزەنتى بولمىغانىدى. ئۇ ئارائۇستەڭلىك شىرەم تۇغقىنى ئىبراھىم يۈز بېگى ۋاپات بولۇپ كەتكەندە يېتىم قالغان توققۇز ياشلىق ئوغلى ئوبۇل ئەلانى بېقىۋالغانىدى. شۇ بالىسى پەرزەنت يۈزى كۆرگەچكە، ئۇنىڭ ئەۋلاد چىرىغى ئۆچمىدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى: قەمەرىدىن، رەھىمىدىن، نىزامىدىن ۋە شەرىفىدىنلار ئىدى. ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى مەزگىلىدە، بۇ كۇرەشنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. مۇبارەك يېشى يەتمىش يەتتىگە يېتىپ سوۋېت تەرەپتىكى چىلەك رايونى باي سېيىت يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. جەستى ئورنىغا مازار تۇرغۇزۇلۇپ زىيارەتگاھ بولۇپ كەلگەن.

شەمشىدىن خەلپەمنىڭ ئوغۇل پەرزەنتلىرىنىڭ بىلىمى تېخى تولۇق بولمىغاچقا، خەلپە بولۇشقا شەرتى توشماي ئارىدا تۇرسۇن مۇھەممەت دېگەن كىشى خەلپىلىك قىلغانىدى. بىر كۈنى تۇرسۇن مۇھەممەت خەلپە ئۆيىدە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغاندا، كوچا تەرەپتىن بىر ناخشا ئېيتقان يىگىتنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئۇنىڭغا بەكمۇ تەسىر قىلىدۇ. ئۇ مۇلازىملىرىغا ناخشا ئېيتقان يىگىتنى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ. مۇلازىم ھېلىقى ناخشىچى يىگىتنى خەلپە ئالدىغا باشلاپ كىرىدۇ. خەلپە: «بايا ناخشا ئېيتقان سەنمىدىڭ؟» دېگەندە، يىگىت قورققىنىدىن تىترەپ: «تەقسىر، ئالدىلىرىدا بىئەدەپلىك قىپتىمەن. گۇناھىمدىن كەچسىلە» دېگەن، خەلپە بولسا: «سەن ھاپىز بولغۇدەك ئاۋازلىق ساز يىگىت ئىكەنسەن» دېگەن. ياش يىگىت بۇ سۆزدىن تەسىرلىنىپ خەلپىگە كۆپ ھۆرمەت قىلغان. بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى موللاتۇردى باقى بولۇپ، بىر نامرات ئوقەتچى ئادەمنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىكەن. بۇ دەل ئۇنىڭ ئوقەت قىلىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرگەن چاغلىرى ئىكەن. موللاتۇردى باقى خەلپە يېنىدا تۇرۇپ ھاپىزلىقنى ئۆگىنىپ كۈندىن - كۈنگە دىللىرى يورۇپ، ئاۋازى تېخىمۇ ساز بولۇپ خەلق ئىچىگە تونۇلۇشقا باشلىغان. ئۇ كېيىن سورۇنلاردا خۇش ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىپ ئىلى ھاپىزلىرى ئىچىدە «خانقا تەلقىنى» ئاھاڭلىرىنى ئېيتىشتا ئەڭ ئالدىدا تۇرغانىكەن. بۇ ناخشىلار ئۇزۇن تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە بۈگۈنگىچە خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئىلى گۈلىڭ بەگلىكىنىڭ توققۇزىنچى ئەۋلادى غىياسىدىن ھېكىممۇ ئىلىنىڭ سەھرا - يېزىلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنەك كېچىلىرىگە دائىم قاتنىشىپ تۇرغان. بۇ چاغلاردىمۇ سوپى - ئىشان، ھاپىزلار بىلەن ئەلنەغمىچىلەر سورۇنلارغا بىللە قاتنىشىپ سورۇنلارنى قىزىتىپ كەلگەن. بۇ ھەقتە ئىلى تارىخى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچى مەرھۇم تارىخچى، يازغۇچى تېيىپجان ھادى ئاكا ئالاھىدە مۇنۇ ئەسلىمىنى يېزىپ قالدۇرغان .

... 1947 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تېيىپ ئاخۇن شەڭگەن (县官) ئۆيىدە بىر سورۇن تۈزۈلۈپ، بۇ سورۇنغا تېيىپزات خەلپىتىم، سازچىلاردىن ماجىتكام، زىكرى ئەلپەتتا، ھۇسەنجان جامى ۋە روزەم سابىرلار قاتناشقانىدى. ناخشىچىلار «سېپىل ناخشىسى»نى ئېيتىپ:

سۇلتان غوجام سورايدۇ
سېپىل سوققانلار نەلىك؟

بىز بەگكە نېمە قىلغان،
بىكار ياتىدۇ شەلىك!

دېگەن مىسرالارنى ئاڭلاپ، يېنىمدا ئولتۇرغان ھاكىمبەگ خوجىدىن:
— سېپىل سوقۇشقا شەھەرلىكلەر چىقمىغانمىدى؟ — دەپ سورىغىنىمدا، ھاكىمبەگ خوجام:
سېپىل سوقۇشقا شەھەرلىكلەرمۇ قاتناشقان. ئۇلار بۇ ناخشىلارنى ئېيتمىسا نېمە ئامال... دەپ مۇنۇ قوشاقنى ئېيتىپ بەرگەن:

بىز سېپىلغا چىققاندا،
خۇدايىم ساقلىسۇن ئوقتىن.
ئەجەبمۇ قۇتۇلمىدۇق،
زالىملارنىڭ زۇلمىدىن.

كېيىن بەزىلەر بۇ ناخشىنىڭ ئاخىرقى مىسراسىنى «سەھرالىق دېگەن دوقتىن» دەپ ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئىچىگە زادىلا سىڭمىدى... دەپ يازىدۇ. يەنە:

بىر سەر ئالتۇن ئون مىسقال،
بىر پۇڭغىمۇ يەتكەن يوق.
ئون ئىككى مىڭ ئالەمدە،
مۇراد ھاسىل ئەتكەن يوق.
بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
قىرىنى بۇزۇۋەتمە.
بۇ جاھان ئۆزۈن جاھان،
ئۈمىدنى ئۈزۈۋەتمە.

دېگەن بۇ ناخشىلار 1950 ـ يىلى تەلئەت مۇسابايېۋ بىلەن ئۆگەي ئاپىسى نورىمان خېنىمنىڭ پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر سەنئەت كېچىلىكىدە يۇرتىنى سېغىنغاندا ئەسلىگەن ناخشىلىرى ئىدى.
قىسقىسى: خەلقىمىز ئارىسىدا تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم ناخشىلارنىڭ قويۇق دىنىي تۈسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇزاق تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، خەلق ناخشا ـ سەنئىتىگە بولغان تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرغانىدى. بۇ ناخشىلارنىڭ سېھرىي كۈچى ھەرگىزمۇ يوقالغىنى يوق.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
موللا ناسىر ئەلەم: «ئىلىدا تەسەۋۋۇپنىڭ پەيدا بولۇشى»
تېيىپجان ھادى: «ئىلى گۈلى بەگلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى»
لىيۇزىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (2 ـ كىتاب).

(ئاپتور چاپچال ناھىيەلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى)



# قەلەندەرلەر سىلسىلەسى

تۇرسۇن قۇربان تۈركەش

پۈتۈن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقى يىلتىزداش ھەم قېرىنداش بولۇپ كەلگەن. ئۆزبېكىستان بولۇپمۇ ئۇنىڭ پەرغانە (ئەنجان، قوقان، نامەنگان) ۋادىسى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى جۇغراپىيەۋى قوشنىدارچىلىق سەۋەبىدىن خەلقلەر ئارىسىدا ئۆتمۈشتە نەچچە قېتىملاپ چوڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كۆچ ـ كۆچلەر بولغان. ئىقتىسادىي، مەدەنىي مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈلمىگەن. ئۆزبېك ئالىمى پولاتجان داموللا قەييۇمىي (1885 ــ 1964) نىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېلان قىلغان «قوقان تارىخى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتى»، «تەزكىرەئىي قەييۇمىي» ئەسەرلىرىدە ئابدۇرەشىتخان رەشىدى، خوجا جاھان ئەرشى، سەئىد ئارىف خىسلەت (خىسلەت كاشغەرىي)، تۇرسۇن مۇھەممەد ئەلەم غۇربەتى، خۇشھال غەرىبىي، سۇلايمان رەسۋا (مەشھۇر شائىر، يازغۇچى ۋە ئالىم ئابدۇلھەمىد چولپاننىڭ ئاتىسى)، مەھمۇد قارىي (يەنە بىر تەخەللۇسى ‹قارىي قوقەندى›)، ھۈسەيىنخان تەجەللى ۋە ئارازى قاتارلىق ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى، جۈملىدىن بىر قاتار ئەتراپلىق تەتقىقاتلاردىن كېيىن خۇلاسە چىقىرىپ ئېيتقان «ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە خۇش ئاھاڭ تۈركىي شېئىرلار يازغان قەشقەرلىك شائىر①» مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي (1676 ~ 1755) بىلەن بابا رەھىم مەشرەب (1653 ~ 1711) ئىجادىدىكى بەزى ئورتاقلىقلار بىزنى بۇ خىل مەدەنىي ۋە ئەدەبىي ئالاقىلەرنىڭ كۆزنىكى سۈپىتىدە ئويلاندۇرىدۇ.

ئايانكى، ئۆزىنىڭ ھەسبىي ھالى ۋە تەسەۋۋۇپ ئەھلى خاراكتېرىگە مۇناسىپ «خارلىقنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى» مەنىسىدىكى «زەلىلىي» سۆزىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغان مۇھەممەد سىددىق 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى. شۇنداقلا ئۆزگىچە نەچچە يۈز يىللىق تەقلىدىي ۋە رومانتىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنى «دىلى تىغى سىتەمدىن پارە بولغان خەلق» قوينىغا يۆنەلدۈرگەن يالقۇنلۇق رېئالىست شائىردۇر. بۇ جاھانكەزدى ئاشىق شائىرنىڭ شەرقتىكى شائىرلىق ئۆلچىمى بويىچە مۇكەممەل دىۋان تۈزۈشكە مۇۋاپىق بولغانلىقى ۋە بۇ باي ئەدەبىي مىراسىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىكى پىكرىمىزنىڭ دەلىلى.

زەلىلىي ئەسەرلىرى قايناق ئىدىيەۋى كۈرەش تېمىسىدىكى تەسەۋۋۇپىي ئەشئارلار بىلەن گۈزەل رېئالىستىك پوئېتىكىنىڭ ئومۇمىيسى بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىر ئوتلۇق ئىشقى ـ مۇھەببەت، يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھ ۋە يۈكسەك مەنىۋى كامىللىق قاتارلىق ئۇلغار ئىجتىمائىي غايە ھەم تېماتىك ئەخلاقىي ماھىيەتنى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ۋاستىسىدە ئۈستۈن بەدىئىي ماھارەت بىلەن

ئىپادىلىگەن. شائىر ئەدەبىياتىمىزنىڭ غەزەل ژانىرىنى ئىجادىيلىق بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭدا لىرىكىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل نەمۇنىلىرىنى ياراتتى. زەلىلىي ئەسەرلىرىدىن زوقلانغىنىمىزدا ئۇنىڭدىكى ئورتاق مىللىي - دىنىي ماتىفىنىڭ سۇلتان ساتۇق بۇغراخان، شەھىدانە خوتەن، سوپىيانە ئىشق، ۋەيىس قەران ۋە ئىمام جەئفەرى سادىق ئىكەنلىكىنى، لىرىكىلىرىغا ۋەقەبەندلىك ياكى ئىپىك ئەسەرلىرىگە قايناق ھېسسىي روھ بەخش ئەتكەن قان تومۇرنىڭ بولسا بىتىنىم سەيياھى - سەپەر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، زەلىلىي غەزەللىرىدە ئىپادىلىگەن تېمىنىڭ كەڭ - چوڭقۇرلۇقى، ئىچكى ئازابلىق ھاياجان، جازىبە ۋە زەۋق، ھارارەت ھەم يۇقىرى ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر جەھەتتىن كېيىنكى دەۋر ئوتتۇرا، مەركىزىي ئاسىيا ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى نەزمىلىرىدە مەھەللىي تەكرار پىكىر مەپكۇرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، شەرقنىڭ بىر قاتار ئۇلۇغ شائىرلىرىغا ئاھاڭداش ۋە ئىزداش مەقام ياڭراتتى. يېتىلگەن ئالىم سالاھىيىتىدە بەدىئىي بىساتىدا دۇنياۋى شەخس ھەم تارىخىي ۋەقەلەرگە ئىشارە قىلدى. بولۇپمۇ زەلىلىينىڭ سوڭغى ھاياتى شەرقتىكى دىنىي رېئاللىقتا تەنقىدىي قارىغان ئەركىن تەپەككۇر تەرەپدارلىرىدىن مەنسۇر ھەللاج (858 - 922)، سەئىد نەسىمى (1369 - 1417) ۋە ئاپپاق خوجا بەخش ئەتكەن كۆپ ياخشى مەنىلەر مۇجەسسەمى «مەشرەب» تەخەللۇسىدىكى ھەسرەتلىك شېئىرلا مۇئەللىپى بابارەھىمدەك ئۆلتۈرۈلۈپ تىراگېدىك يۈكسەكلىك ياراتمىسىمۇ، لېكىن زەلىلىي ئەسەرلىرىدە تەل مېھ سەنئىتى ۋاستىسىدە ئۇستازلارنىڭ نامىنى پات - پات تىلغا ئالىدۇ ۋە «ئەنەل ھەق»، «ئەرشنىڭ كۇنگۇرەسى»، «دىۋانە» سۆزلىرىنى تەكرار قوللىنىش ئارقىلىق ئۇلارغا بولغان غايىبانە مۇرشىت - مۇرىتلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ:

قىچقىرۇر مەنسۇر ئەنەل - ھەق ئايتۇبان،
كىم مېنىڭدەك ئاشىقى رەسۋايى ئىشق... (83 - غەزەل)

مەلاھەتدە جەھان خۇبانلارىكىم خۇشە چىنىڭدۇر،
نەسىمى رۇھپەرۋەردىن ئاچىلغان خىرمەنى گۈلسەن... (144 - غەزەل)

مەشرەبى ئالى ئۇمەمنىڭ شېئرى شەككەر بارىدىن،
دانە - دانە ئەنگۈبىننى نې جۇدا كەلتۇرمىشەم... (125 - غەزەل)

بىز ئۇيغۇر - ئۆزبېك كىلاسسىك ئەدەبىيات مەنبەلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىش ئارقىلىق «دىۋان كۇللىيات» (چوڭ دىۋان)، «دىۋان زەلىلى» (كىچىك دىۋان) ۋە «رىسالە»دىن ئىبارەت ئۈچ قول يازما ئاساسىدا 1985 - يىلى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى نەشر قىلدۇرغان «زەلىلىي دىۋانى» (253 پارچە ئەسەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 196 غەزەل، 18 مۇخەممەس... بار)دىكى بىر قىسىم غەزەل، مۇخەممەسلەر بىلەن 2006 - يىلى تاشكەنتتە جامالىددىن يۇسۇفىينىڭ «مەشرەب دىۋانى»، «قىسسەئىي مەشرەب»، «مەبدەئىي نۇر»، «كىمىيا»، «كىتابى سادائىي»، «تۇھفەتۇل - ئابىدىيىن»، «باياز»، «مەجمۇئە»، «مېھرىبانىم قايدىسەن»، «ئىلىفنى دىلغا جا قىلماقنى بىسمىللاھدىن ئۆگەندىم» قاتارلىق قول يازما، تاش باسما ۋە زامانىۋى نەشر بولۇپ 27 پارچە مەنبە ئاساسىدا تەييارلاپ نەشر قىلدۇرغان «مەشرەب دىۋانى»

(407 پارچە ئەسەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 278 غەزەل، 78 مۇخەممەس... بار)دىكى بەزى غەزەل ـ مۇخەممەسلەر ئوتتۇرىسىدا خۇددى بىر ئەسەرنىڭ ۋارىيانتلىرىدەك يېقىنلىق ۋە ئەينەنلىكتە رارلىقنىڭ بارلىقىنى بايقىدۇق. بۇنى بىر تەرەپتىن زەلىلىينىڭ مەشرەپنى پىر ـ ئۇستاز تۇتۇپ، مەزمۇن ۋە ۋەزىن جەھەتتىن ئوخشاش شېئىرلارنى يېزىپ ئۇنىڭغا تەقلىد ـ تەتەببۇ (نەزىرە) قىلغانلىقى بىلەن ئىزاھلىساق، يەنە بىر ياقتىن مەشرەپنىڭ زەلىلىيگە تەخمىس يازغانلىقى ھەم «مەشرەپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە دائىر مەلۇماتلارنىڭ شائىر ۋاپاتىدىن كېيىن يېرىم ھەقىقەت، يېرىم ئەپسانىدىن ئىبارەت مەناقىب ۋە قىسسە شەكلىدىكى ‹دىۋانەئى مەشرەب› ياكى (دىۋانى مەشرەب) كىتابى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن②»لىكى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، باشقا بىر قىسىم كىلاسسىكلار قاتارى (گۇمانىم دىۋانىدا بار 19 غەزەل مەشرەب دىۋانىدا ئۇچرايدۇ) زەلىلىي ئەشئارلىرىنىڭمۇ خاتا ھالدا مەشرەب دىۋانىغا كىرگۈزۈلۈپ قالغانلىقى بىلەن ئىزاھلىشىمىز مۇمكىن.

بىز كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئەھلىنىڭ ئۆز ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەنبەشۇناسلىق مەسىلىلىرىگە يېتەرلىك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قارىتىشنى تەۋسىيە قىلىش مەقسىتىدە بۇ ھەقتە بايقىغانلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز.

زەلىلىي ۋە مەشرەب دىۋانلىرىدىكى شېئىرلارنىڭ سېلىشتۇرما تەھلىلى ئۇلاردا ئازراق پەرقنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشاش غەزەللەرنىڭ بارلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «سېنى لەيلىيۇ رەنادەك ئەجايىپ دىلرەبا دەرلەر» سەترىسى بىلەن باشلىنىدىغان غەزەل زەلىلىيدىمۇ، مەشرەبتىمۇ ئۇچرايدۇ. تۆۋەندىكى سېلىشتۇرما ھەر ئىككى شائىر دىۋانىدىن ئېلىنغان غەزەللەرنىڭ تولۇق مەتنى بولۇپ، قارا خەت بىلەن كۆرسىتىلگىنى شېئىرلاردىكى ئوخشاش مىسرا ياكى سۆزلەردۇر.

«زەلىلىي دىۋانى» 52 ـ غەزەل:

سېنى لەيلىيۇ رەئنادەك ئەجايىپ دىلرەبا دەرلەر،
مېنى مەجنۇنى ھەيراندەك كويۇڭدا بىر گەدا دەرلەر.
ئەجەبدۇر، ئەي شاھى خۇبان، كېچە ـ كۈندۈز ئىشىكىڭدە،
ھەمىشە مەن ناۋا قىلسام داغى سەن بىنەۋا دەرلەر.
باقىبان ئەل سارى، جانا، يۈزۈڭدىن بىر نىقاب ئالساڭ،
رۇخۇڭنى چۇن ماھى ئەنۋەر تەجەللىيى خۇدا دەرلەر.
تەبەسسۇم ئەيلابان تاكى نەزەر قىلساڭ گۇرۇستانغا،
قوپۇپ گۆردىن بارى مۇردە، ھەمە: ۋا، ھەسرەتا ! دەرلەر.
كۆرۈبان بەزى ئاشىقلاركى، ھەلقە ـ ھەلقە زۇلفۇڭنى،
ئەزەلدىن بىرگە سالغان بۇ ھەمە زەنجىرى پا دەرلەر.
يۈرۈپ سوردۇم تەبىبلەردىن: نېدۇر بۇ دەردىمە دەرمان؟
تەبىب ئايتۇركى: ئەي نادان ! بۇ دەردى بىدەۋا دەرلەر.
ئاتىڭنىڭ خاكى پايىغە زەلىلىي يۈزىنى سۇردى،
نىدا كەلدىكى قەسرىڭدىن، كۆزۈڭ سۇر، تۇتىيا دەرلەر.

«مەشرەب دىۋانى» 207 ـ غەزەل:

سېنى لەيلىيۇ رەئنادەك ئەجايىپ دىلرەبا دەرلەر،
مېنى مەجنۇنى شەيدادەك كۆيۈكىدا بىر گەدا دەرلەر.
كېچە ـ كۈندۈز ئىشىكىڭدە فىغانۇ نالەلەر قىلسام،
كى ھەرچەندى ناۋا قىلسام، ھەنۇزەم بىناۋا دەرلەر.
بارىپ سوردۇم تەبىبلەردىن: بۇ دەردىمغە دەۋا بارمۇ؟،
ئالار ئايتۇركى: ئەي نادان، بۇ دەردنى بىدەۋا دەرلەر!
ياقىبان ئول پەرى كۆز ئۇچىدىن يۈز ناز قىلىپ ئۆتتى،
رۇھى چۈن ئول ماھى تابانىنى ئەنۋارئول ـ ھۇدا دەرلەر.
تەفەررۇج ئەيلابان ناگەھ نەزەر قىلسا گۆرۈستانغا،
قوپۇپ گۆردىن ھەمە ئادەم، ھەمە: ۋا ھەسرەتا! دەرلەر.
قەنى لەيلى، قەنى مەجنۇن، قەنى شىرىن بىلەن فەرھاد،
ئالار ئۆتتى بۇ ئالەمدىن، بۇ ئالەم بىۋەفا دەرلەر.
ئىتىنى خاكى پايىنىكى مەشرەب كۆزىگە سۈرتتى،
ندا كەلدىكى ئالەمدىن بۇ كۆزگە تۇتىيا دەرلەر.

مىسالدىن مەلۇمكى، ھەر ئىككى غەزەل ئارۇزنىڭ ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم ۋەزنىدە يېزىلغان. ئەمما، ئاۋۋالقى غەزەلگە قارىغاندا كېيىنكىسىنىڭ 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ بېيىتلىرىدا شېئىرىي مەزمۇن، مەنتىقە ۋە گۈزەللىك جەھەتتىن قىسمەن نۇقسانلار باردەك كۆرۈنىدۇ.

«زەلىلىي دىۋانى» 128 ـ غەزەل:

تەماشا ئەيلەمەككە گۈشەئىدىن ئەنجۇمەن كەلدىم،
خۇرۇشى بۇلبۇلى شۇرىدەدەك سۈيى چەمەن كەلدىم.
ئەگەر يەئقۇبدەك قان يىغلاسام، ئەيب ئەتمەگىل زىنھار،
فىراقى يۇسۇفى بەھرۇ چېكىپ بەيتۇل ـ ھەزەن كەلدىم.
شەھىدانە خوتەننى تەۋۋى ئېتەرگە، ئەي مۇسۇلمانلار،
چۇ لالە دامەنى سەھرا تۇتۇپ دەشتى خوتەن كەلدىم.
غەزالانىكى چىن دەشتىدە ھەر يان ئۇينار ئەردىلەر،
يىراقتىن ئول قارا كۆزلەرگە گۇيا ئەھرەمەن كەلدىم.
بەھارۇ باغۇ مەئنى باغبان كۆكەرتتى بولغايمۇ،
خەرابى قىرمىزى پۇشانى گۇلگۇن پىرەھەن كەلدىم.
قەدەھ مەنسۇراتىغا تولدۇرۇپ كەلتۈرگىل، ئەي ساقى،
تەنىمدە ھەم رەگۇ ھەم ئۇستخاندا ھەم رەسەن كەلدىم.
قارا سايى ئىمامۇ جەئفەرى سادىق مازارىدىن،
زەلىلىي ئۇشتۇرانى ھەزرەتى ۋەيسى قەرەن كەلدىم.

«مەشرەب دىۋانى» 97 ـ غەزەل:

تەماشا ئەيلەمەككە گۈشەئىدىن ئەنجۇمەن كەلدىم،
سۇرۇدى بۇلبۇلى شۇرىدەدەك سۈيى چەمەن كەلدىم.
ئەگەر يەئقۇبدەك قان يىغلاسام، ئەيب ئەيلەمەڭ زىنھار،
فىراقى يۈسۈفى مەھرۇ چېكىپ بەيتۇل ـ ھەزەن كەلدىم.
شەھىدانە خوتەننى تەۋق ئېتەرگە، ئەي مۇسۇلمانلار،
چۇ لالە دامەنى سەھرا تۇتۇپ دەشتى خوتەن كەلدىم.
جەھان شەيخۇ كىبارى، ئالىمۇ، مۇفتىيۇ، قازىسى ـ
ھەمە كام تاپتى دۇنيادا، بەرەھنە، بىۋەتەن كەلدىم.
قەدەھ مەنسۇر ئاتىغا تولدۇرۇپ كەلتۇرگىل، ئەي ساقى،
شەرابى قىرمىزى نۇش ئەتكەلى خۇشكى دەھەن كەلدىم.
مەيى ۋەھدەت تولا بەرگىل مەنى مەشرەبغە، ئەي ساقى،
سىۋا مۇلكدە سەيدىمەنكى، گۇلگۇن پىرەھەن كەلدىم.

زەلىلىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ كۆپ قىسمى خوتەندە ئۆتكەن. شائىرنىڭ غەزىلى ئۇنىڭ خوتەندىكى پىر ـ ئەۋلىيالار مازىرىغا قىلغان بىر قېتىملىق دەرۋىشلىك سەپەر ھېسسىياتىنىڭ چىن خاتىرىسى بولۇپ، شېئىر سىقىق ۋە ئىزچىل ۋەقەلىك خاراكتېرگە ئىگە. يەنى زەلىلىي لىرىكىسى كىچىك ۋەقەبەند غەزەلدۇر. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، زەلىلىينىڭ خوتەن زىيارىتى مەشرەبنىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭغان زىيارەتتۇر.

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، كىلاسسىك شېئىرىيەتتە «بىرنەرسىنى ئىككىنچى بىرنەرسە ئارىسىغا قويماق» مەنىسىدىكى تەزمىنلىك ئىپادىلەش ئۇسۇلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ شائىر باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى قەلبىگە مەنزۇر كەلگەن بىر ياكى بىرقانچە بېيىتنى ئۆز ئەسىرىنىڭ قېتىغا كىرگۈزۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇرلۇك بەدىئىي غايىسىنى كۈچەيتىپ ئىپادىلەش سەنئىتىدۇر. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «مەشرەب دىۋانى»دىكى 5 ـ غەزەلنىڭ مەتلەئەسىدە لۇتفىنىڭ:

سەنسەن سېۋەرىم، خاھ ئىنان، خاھ ئىنانما،
قاندۇر جىگەرىم، خاھ ئىنان، خاھ ئىنانما.

دېگەن مەشھۇر بېيىتىدىن ئەينەن پايدىلانغان ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ «خاھ ئىنان، خاھ ئىنانما» رادىپلىق غەزەل يازغان. ئېھتىمال ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلساق نەۋائىي قاتارلىق كىلاسسىكلاردىن كەلتۇرگەنلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، يۇقىرىقى ئىككى غەزەلدە ئەھۋال بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. زامانىسىدە «قەشقەرلىك مۇتەسەۋۋۇپ ئاپپاق خاجە مۇرىتلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ‹ھىدايەتنامە› ۋە ‹ماناقىبى خاجەپاشا› تەزكىرىلىرىدە مەشرەب ھەققىدە ئىنتايىن قىسقا، بەزەن زىت پىكىرلەر يېزىلغان③ »نىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ شېئىرىي دىۋانىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان. بۇنداق سەۋەبلەر بىلەن مەشرەپنىڭكىنى تەرمە ياكى توقۇلما دىۋان، دەپ ئېيتىش تەس بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بەزى گۇمانلىق نۇقتىلارمۇ يوق ئەمەس. بىز سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۈچۈن بىزدە ھازىرچە مەشرەب دىۋانىنىڭ تېپىلمىغانلىقى ۋە ئاساسلىق بىر ـ ئىككى كاتىپ كۆچۈرگەن زەلىلىي دىۋانى قول

يازمىسىنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت نەق پاكىت ئاساسىدا، يۇقىرىقى مىساللاردا زەلىلىينىڭ غەزىلىنى ئاساس، مەشرەبنىڭكىنى بولسا ئۆزگەرگەن ۋارىيانت دەپ ھېسابلايمىز. بۇنىڭدىن باشقا كېيىنكى غەزەل (97 ـ) نىڭ بىر بېيىتى چۈشۈپ قالغاننىڭ ئۈستىگە تۆتىنچى بېيىتتىن باشلاپ شېئىرىي ئىپتىراس، يەنى نەزمى ھېسسىي ئىزچىللىق ۋە يۈكسەكلىك سۇسلاپ بارغان.

تەخمىس غەزەلگە مۇخەممەس يېزىش دېگەنلىك. ئۇ شەرق ئەدەبىياتىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئۇستاتلىق سۆز سەنئىتىدۇر. تەخمىسلەر ئەنئەنە بويىچە ئىككى شائىرغا تەۋە ئىجادىيەت بولغاچقا ئۇنىڭ ئاخىرقى بەندىدە ھەر ئىككى شائىرنىڭ تەخەللۇسى كەلتۈرۈلىدۇ. بىر غەزەلگە بىرقانچە تەخمىس مۇخەممەسلەر يېزىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. شائىرلار ئۆزلىرى پىر ـ ئۇستاز بىلگەن ئۇلۇغ شائىرلارنى ئەسلەش، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي غايىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە نەزمىدە يەنىمۇ بىر پەللە يۈكسەكلىك يارىتىش مەقسىتىدە تەخمىسلەر باغلاشقان. بۇ خىل ئىجادىيەت شائىردىن يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. نەۋائىينىڭ «دىۋانى فانى»دىكى ھافىز شېرازى غەزەللىرىگە، ئابدۇرېھىم نىزارىينىڭ سانكىت ـ پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتقان ئېسىل قول يازما دىۋانىدىكى نەۋائىي غەزەللىرىگە يېزىلغان ئونلىغان مۇخەممەسلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەخمىسنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىرىنى ياراتقان. لېكىن، زەلىلىينىڭ ئۆز غەزەللىرىگە مۇخەممەس يېزىشى، بولۇپمۇ مەشرەبتىن ئىبارەت بۇ بوۋا، مۇرشىت قەلەندەرنىڭ زەلىلىدىن ئىبارەت بۇ ياش، مۇرىت قەلەندەرگە تەخمىس باغلىشى بۇ ئىككى مۇتەسەۋۋۇپ شائىرنىڭ ئىجادىي سىلسىلەسى (باغلىنىش)دىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئەھۋالدۇر.

شەرق شائىرلىرىدا كىچىكرەك ھەجىمدىكى نەزمى ئەسەرلەرگە ماۋزۇ قويماسلىق ئەنئەنىسى بولغان. شۇڭا، خەلقئارادا دىۋانلارنىڭ زامانىۋى نەشرىنى ئىشلىگەندە، ئۇنىڭدىكى ئەسەرلەرنى بىر قاراپلا ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن رەقەم قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەربىر شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسىنى شۇ ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى قىلىپ ئۇنىڭدىن مۇندەرىجە تۈرغۇزۇش ئادىتى شەكىللەنگەن. بۇ ئارقىلىق تەتقىقاتقا كۆپ قولايلىق يارىتىلغان. بۇنداق ئىلمىي ئۇسۇل بويىچە قارىغاندا، زەلىلىي تۆۋەندىكى مىسرالار بىلەن باشلىنىدىغان غەزەللىرىگە ئۇنىڭدىن كېيىن كۆرسىتىلگەن مىسرالار بىلەن باشلىنىدىغان تەخمىسلەرنى يازغان:

غەزەللەر:

1. مەرھابا، سۇلتان ساتۇقى بوراخانىم مەرھابا... (4 ـ غەزەل).
2. قەلەندەرمەن، جاھاننى تەرك ئېتىپ قىلدىم سەپەر تەنھا... (5 ـ غەزەل).
3. دامەنى سەھرا دېمەسلەر لالەزارى بولمىسا... (7 ـ غەزەل).
4. تا مۇھىتى ئىشقىدىن بىر قەترە نەم كەلتۈرمىشەم... (129 ـ غەزەل).
5. ئىشق ئەھلى ئالسا ئەگەر ئىزىڭ تۇتىياسىدىن... (151 ـ غەزەل).

تەخمىسلەر:

1. ئەندەلەبى چاھارباغى مۇلكى تۈركىستان جۇدا... (2 ـ مۇخەممەس).
2. جەفاۋۇ جەۋرە يەتكۈرگەچ سىپېھرى نىلۇفەر تەنھا... (3 ـ مۇخەممەس).
3. گەنجى پىنھانى دېمەك ئۈستىدە مارى بولماسا... (5 ـ مۇخەممەس).
4. كى ئەرەبدىن فىتنەئى شوخى ئەجەم كەلتۈرمىشەم... (16 ـ مۇخەممەس).
5. شەبنەم ساچىلدى سۇبھى يۈزۈڭنىڭ زىياسىدىن... (17 ـ مۇخەممەس).

تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، بىز يۇقىرىدا كۆرسەتكەن «مەشرەب دىۋانى»نىڭ 491 ـ سەھىپىسىدىكى 367 ـ رەقەملىك مۇخەممەسنىڭ زەلىلىينىڭ «قەلەندەرمەن جاھاننى تەرك ئېتىپ، قىلدىم سەپەر تەنھا» سەترىسى بىلەن باشلىنىدىغان بەشىنچى غەزىلىگە باغلىغان «تەخمىس» بولۇپ چىقىشىدۇر. قارىماققا ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم ۋەزنىدە گوخشاش قاپىيەدە، بىر خىل رادىپ ۋە ماۋزۇدا يېزىلغان مەشرەب مۇخەممەسىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

زىھى رەسۋالىغىم ئالەمگە سالدى شورۇ شەر تەنھا،
بولۇپتۇر نۇھ فەلەك غەۋغاسى زەررە، ئەلھەزەر تەنھا،
نىگارىم بىرلە مەن بىر پىرەھەندە خەلق دەر تەنھا،
قەلەندەرمەن جەھاننى سەير ئېتىپ قىلدىم سەپەر تەنھا ،
چۇ سىمۇرغىكى پەرۋاز ئەيلەگەي بىبالۇ پەر تەنھا.

بەھىشت ئەيۋانىدا بولماق ئىلاجىن ئاززۇ قىلماي،
كېچىپمەن، دىنۇ دۇنيانىڭ رىۋاجىن ئاززۇ قىلماي،
يانە رۇمۇ خىتا باجۇ خىراجىن ئاززۇ قىلماي،
شەھى رۇيى زەمىنىنىڭ تەختۇ تاجىن ئاززۇ قىلماي،
گەدائى فەقر بولدۇم، سەير ئېتەرمەن بەھرۇ بەر تەنھا.

مۇھەببەت دەشتىدە ئاۋۋارە بولگەن خەلقنى كۆردۇم،
كوزى ۋەقتى سەھەر سەييارە بولگەن خەلقنى كۆردۇم،
تەنى دەردۇ ئەلەمدىن يارە بولگەن خەلقنى كۆردۇم،
دىلى تىغى سىتەمدىن پارە بولگەن خەلقنى كۆردۇم،
زۇلم تۇغيان ئېتىپدۇر ھەر بىرىسى بىخەبەر تەنھا.

ئايا، ئەي تالىبى سادىق، بۇدۇر ئەرزى بەيان بىلگىل،
ۋەلىيۇللاھنىڭ غايىبلەرىنى سەن ئەيان بىلگىل،
قەرا تۇفراق ئۆزۈڭنى، دىلنى خۇرشىدى جەھان بىلگىل،
نەزەر تا قۇتبى ئالەم قىلمەگۇنچە بىگۇمان بىلگىل،
نېچۇك ئالغاي جەۋاھىر بەھرىدىن ساھىبنەزەر تەنھا.

غەرەز كەۋنى مەكاندىن ئىشق ئىدى، نە كانۇ نە گەۋھەر،
مۇسۇلمانزادە بولساڭ، ئەي بەرادەر، ئەيلەگىل ياۋەر،
تەنىڭدە بولسا جانىڭ، تىلمايىن سەن ئىستەگىل راھبەر،
مۇھەببەتدىن نەسىمى سۇبھ سادىق بويى گۇل ئىستەر،
قانى بۇل بۇلبۇلى شورىدەدىن ئاھى سەفەر تەنھا.

مەجازى شاھلار دەرۋازەسىن ياستانماغىل زىنھار،
كىرىپ غارى فەنادە ياتقىلۇ ئويغانماغىل زىنھار،

جەفا يەتكەن بىلەن مەردى خۇدادىن تانماغىل زىنھار،
بەلا دەشتى ئەگەرچە پۇرخەتەردۇر يانماغىل زىنھار،
قەدەمنى بول ۋادىئى ئىشقىغە قوي چۇن شىرى نەر تەنھا.

بۇگۇن مەخمۇرمەن پىرى مۇغان ئالدىغا باش ئۇردۇم،
نە شەيخ ئالدىغە باردىم، نە بەرەھمەن سۆزىغە كىردىم،
كۇيۇڭدا گاھ يۇگۇردۇم، گاھ يىقىلدىم، گاھ ئولتۇردۇم،
سېنى كۆرگۇنچە تا، ئەي نازەنىن، تەڭرىگە تاپشۇردۇم،
مېنى مۇنداغ مۇسافىر ئەيلەدى دەۋرى قەمەر تەنھا.

تىلەرسەن، مەشرەبا، جان كۇلبەسىدە سۇھبەتى مەئشۇق،
مۇيەسسەر بولماسا مەھرەم سەرايى خىلۋەتى مەئشۇق،
ۋۇجۇدىڭنى ئەدەم قىلماغىلىغىڭدۇر مىللەتى مەئشۇق،
يوق ئەتكىل ئۆزلۇكۇڭنى، كەلمەگەي تا غەيرەتى مەئشۇق،
كىشى مەھرەم بولالماس يارىگە، بولماس مەگەر تەنھا.

بىرىنچىدىن، زەلىلىي غەزىلى توققۇز بېيىت بولسا، ئاتالمىش مەشرەب دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن ئۇشبۇ مۇخەممەستە ئۇنىڭ سەككىز بېيىتىغا «تەخمىس» باغلانغان، يەنى زەلىلىي غەزىلىنىڭ ئۇچىنچى بېيىتى چۈشۈپ قالغان. ئىككىنچىدىن، زەلىلىي غەزىلىنىڭ مەقتەئەسى (تۇگەللىمە بېيىتى) تەخمىس مۇخەممەس ئاخىرقى كۇپلېتىنىڭ 2 ـ، 3 ـ بېيىتى ئورنىغا ئالمىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كاتىپلار ياكى مەشرەبنىڭ «ئىجادىي» مىسراسى قوشۇلغان. غەزەلنىڭ ئەسلىي مەتنىمۇ سەل بۇزۇلغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇخەممەستە غەزەل بېيىتلىرىنىڭ ئورنى قىسمەن ئالماشقان. ئۇچىنچىدىن، ئېنىقى مۇھىمى، غەزەل زەلىلىينىڭ بولغاندىن باشقا مەزكۇر تەخمىستىكى قارا خەتتە كۆرسىتىلگەن سۆز ۋە بېيىتلارنىڭ ھەممىسى زەلىلىينىڭ مەزكۇر غەزىلىگە ئۆزى يازغان مۇخەممەستىن كۆچۈرۈلگەن، مۇخەممەستە پەقەت ئۆزبېكچە قىسمەن شېۋە تۇسلا ساقلانغان. تۆتىنچىدىن، مەشرەبنىڭمۇ «تەنھا» رادىپلىق بىر غەزىلى بولۇپ («مەشرەب دىۋانى» 197 ـ بەت، 246 ـ غەزەل) بۇ غەزەلنىڭ بىرىنچى مىسراسى يۇقىرىقى تەخمىس مۇخەممەسنىڭ بىرىنچى مىسراسى قىلىپ يۆتكەپ كېلىنگەن. يەنە كېلىپ بۇ غەزەلمۇ شائىر زەلىلىينىڭ بىز توختىلىۋاتقان غەزەل ۋە مۇخەممىسى بەندلىرىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدىن سۇنئىي ھالدا قۇراشتۇرۇلغان. ئومۇمەن «مەشرەب دىۋانى»دىكى تەخمىس تەرىزدىكى مۇخەممەس، ئۇنىڭغا ئاساس بولغۇچى غەزەل ۋە «تەنھا» رادىپلىق غەزەل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇسلۇب ھەم مەزمۇن سۇپىيانىلىكى جەھەتتىن زەلىلىينىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ سەۋەنلىكى ۋە ئاغزاكى تارقاش جەريانىدا خاتا ھالدا مەشرەپنىڭ نامىغا نىسبەت بېرىلگەن ھەم ئۇنىڭ دىۋانىغا كىرىپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا «زەلىلىي دىۋانى»دا 26 پارچە رۇبائىي بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىشق، رىندىلىق، دىۋانىلىك، ۋەھدانىيەت، تۆرت ئاناسىر مەدھىيەسى، ئۆتكۈنچى دۇنيا نالىشى ۋە زاھىتلارچە ئىككى يۈزلىمىچىلىككە نەپرەت قاتارلىق پەلسەپۋى مەزمۇنلار ئالغا سۈرۈلگەن. «مەشرەب دىۋانى»دا شائىرنىڭ رۇبائىيلىرى مەخسۇس كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن «كىرىش سۆز»دە ئوخشاتما، جاۋابىيە يولى بىلەن يېزىلغان ياكى زەلىلىيدىن ئۇنىڭ نامىغا توقۇلۇپ قالغان بىر رۇبائىي ئۇچرايدۇ.

زەلىلىيدىن مىسال:

نە مەئرىفەتى خۇدا، نە ئۆزنى تانۇپ،
ئۆتتۇم بۇ جەھان ئىچىدە بىر نەچچە قونۇپ،
ھەي ـ ھەي، نى گۇناھكار زەلىلىيدۇرمەن،
شەب مەست، سەھەر بەنگىيۇ روزانە جۇنۇب.

مەشرەبتىن مىسال:

نە مەئرىفەتى خۇداۋۇ نە ئۆزنى تانۇپ،
ئۆتتۇم بۇ جەھان ئىچىدە بىر كېچە قونۇپ،
ھەيھات، نى بىنەۋا قەلەندەردۇرمەن،
شەب مەستۇ سەھەر بەنگىيۇ روزانە جۇنۇب.

ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىچە، بۇ رۇبائىي «زەلىلىي دىۋانى»غا شائىرنىڭ «چوڭ دىۋان» قول يازمىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، مەشرەب ۋارىيانتىنىڭ زەلىلىينىڭ «كىچىك دىۋان»دىكى مەزكۇر رۇبائىيسىنىڭ نۇسخىسىغا پىكىر، قاپىيە، ۋەزىن ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن تامامەن ئوخشاشلىقىنى كۆرىمىز.

خاراكتېرلىكى شۇكى، مەشرەب ۋە زەلىلىي ياشىغان 17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە ئادالەت شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي، ئەخلاقىي ۋە غايىۋى قاراشلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. دىنىي روھانىيلار ۋە ھاكىم تەبىقە، مەنپەئەت، ھوقۇق ئۈچۈن ئەلدە قاشقاشلىق ۋە زۇلۇمنى كۈچەيتكەن، جەمئىيەتتە قەستەن نىزا پەيدا قىلىپ تەرەپبازلىق ماجىرالىرى ئارقىلىق بىھۇدە قان تۆككەن. دەۋر، مىسالدىكى مۇخەممەسنىڭ ئۈچىنچى بەندىدىكىدەك بولغاچقا، زەلىلىي 164 ـ غەزىلىدە «سورىما مەندىن نە دەپ قارا كىيدىڭ، بۇ زەلىلىي ھەمىشە ماتەمدە» دېگەن مېيستىك ۋە ھەسرەتلىك كەيپىياتىنى ئىپادىلىگەن بولسا، مەشرەب بىر مۇسەددىسىدە پەريادلىق «كى، مەن ھەر قەيگە بارسەم، داد ئېتەرمان، داد دەستىڭدىن !» رادىپى ئارقىلىق زامان زۇلمىدىن نالە ـ نىدا كۆتەرگەن. ھېس قىلىش تەس ئەمەسكى، بۇ يەردىكى زۇلۇم يوقىرى تەبىقىنىڭ كەڭ مېھنەتكەش ئاۋامغا بولغان ئېكسپلاتاتسىيەسىلا ئەمەس، يەنە جاھالەتنىڭ مەنىۋىيەتكە ۋە نەپسىنىڭ ئىنساننىڭ ئۆزلۈكىنى تونۇشىغا بولغان توسقۇنلۇقىغىمۇ قارىتىلغان. مەشرەب ۋە زەلىلىي چەرخ رېئاللىقىنى روھىدىن، سەرگۈزەشتىسىدىن ۋە دۇنيا قارىشىدىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئۇلاردا ئىندىۋىدۇئال ئازاب ئېڭى ئىجتىمائىي دەردلەر بىلەن قوشۇلۇپ، شەخسىي تەقدىردىن ئاغرىنىش ئاستا ـ ئاستا زاماندىن نالىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. يورۇقلۇق ۋە چىقىش يولى ئىزدىگەن شائىرلار قاراڭغۇلۇققا كۆنمىگەن، ئۇنىڭغا شۈكرانىلىك قىلىپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرمىغان. ئەكسىچە رېئاللىققا زىت پىكىرلەردە بولۇپ ئادالەت تەلەپ قىلغاندا ھۆكۈمران تائىپە ۋە ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئەگەشكۈچى قارابۇدۇن (ھەق ـ ناھەقنى بىلمەيدىغان ئاۋام) تەرىپىدىن «سارالڭ»، «تەلۋە» دەپ ئاتالغان.

17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە پۈتكۈل تۇراندا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا تەسەۋۋۇپنىڭ يەسسەۋىيە ۋە نەقشبەندىيە تەرىقەتلىرى ئەۋج ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھىجرىيە 724 ـ

يىلى ھىندىستان (ھازىرقى پاكىستان قىسمى)لىق ئەبۇ يۇسۇپ ئەل ـ قەلەندەريي ئاساس سالغان قەلەندەرىيە سۇلۇكىمۇ كەڭ تارقالغان. تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، قەلەندەرلەر جەمئىيەتتە مەۋجۇت تەكەللۇپلاردىن، قانۇن ـ قائىدىلەردىن ئۆزىنى مۇستەسنا تۇتقۇچى، ئورۇنسىز ئەقىدىلەرنى رەت قىلغۇچى ئۆزباش كىشىلەر بولغان، تۇمار ئېسىپ ئۆزۈن چاچ قويغان. ئەمەلىيەتتە ئۇلار قىلچە جاھان تۇتمىغان دەربەدەر ھايپىزلار، سوپىلار بولۇپ كوچا ـ كويلاردا ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا «ھۆرۈنباغ» دەپ ئاتالغان قەلەندەرخانىلاردا ئەركىن جەھرى ـ ساما سالغان. زەلىلىينىڭ «رەقس»، «ئەمەسمۇ؟» رادىپلىق 74 ـ، 155 ـ غەزەللىرىدە: «كوچىيۇ بازار ئىچىدە ئەيلەگىل مەردانە رەقس» ۋە «رەقس ئەيلەدى دىلۇ جان، دىۋانە مەستۇ ھەيران» دەپ يازغانلىقى دەل مۇشۇ خىل ھالەتنىڭ جازىبىلىك شېئىرى مەنزىرىسى ئىدى ! ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەردىكى قەلەندەرلىك ماددىي موھتاجلىق ئەمەس، بەلكى دۇنيانى مەنسىتمەسلىك، يامانلىقتىن چەتلەپ، پانىي ئالەم ھېرىسلىرىدىن ۋاز كېچىش، قەلبەن ۋە روھەن ئويغىنىش ئۈچۈن تەركىي ۋەتەن، سەيرى ـ جاھان قىلىپ كۆنۈمسىز ھايات كەچۈرۈش بولغان. مەشرەب بىلەن زەلىلىي دەل تەسەۋۋۇپتىكى قەلەندەر شائىرلار بولۇپ، زەلىلىي ئۆز شېئىرىيىتىدە كەم بولغاندا 80 يەردە «تەلۋە»، «دىۋانە»، «دەربەدەر»، «لاماكان» ۋە «قەلەندەر» سۆزلىرىنى ئىشلەتكەن. مەشرەب بولسا بۇ خىل ھاياتنىڭ شەرقتىكى ئەڭ بەختسىز شاھىتى بولغان ئەلۋەتتە !

باشقا پەرەزلەرگە ئاساسلانغاندا، مەشرەب قەشقەردىكى ئاپپاق خوجا ھۇزۇرىغا كەلگەن 1672 ـ يىللىرى زەلىلىي تېخى دۇنياغا كەلمىگەن بولۇپ، بابا رەھىم دارغا ئېسىلغان 1711 ـ يىلى بولسا مۇھەممەد سىددىق ئوتتۇز ياشلاردىكى جۇشقۇن تالىپ شائىر ئىدى. ئېھتىمال ئوتتۇرا ياشلاردىكى شاھ مەشرەبنىڭ ياش شائىر زەلىلىي شېئىرلىرىغا تەخمىس، تەتەببۇ باغلىغانلىقىمۇ تامامەن ئەقىلدىن مۇستەسنا ئەمەس ! ئومۇمەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى مالامىتىيلارنىڭ قەلەندەرلىك ئېقىمىدىكى مەسىلەكداشلىق، ئورتاق قەشقەر ئىجتىمائىي ـ ئەدەبىي مۇھىتى، تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى تىنىمسىز «سەيرى جاھان» ھاياتتىن ئىبارەت ئوخشاش تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بۇ ئىككى دەرۋىش شائىردا غايە، مەزمۇن ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىن يېقىن ئەشئارلارنىڭ يېزىلىشىغا سەۋەب بولغان. نەتىجىدە، ئەل ئىچىگە تارقالغان زەلىلىي شېئىرلىرى زامانلارنىڭ ئۆتۈشى ۋە كاتىپلارنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن ئاتالمىش «ئەۋلىيا مەشرەپنىڭ بولۇپ قالغان».

ئۇلۇغ رېئالىست، ئاشىقى دىۋانە مۇھەممەت سىددىق زەلىلىي ھەققىدە شۇنىمۇ ئېيتىش بىلەن تىلغا ئېلىش كېرەككى، شائىر ھاياتلىقىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شېئىرلىرىنىڭ بىر قول يازما نۇسخىسى بۈگۈنكى ئۆزبېكىستانغىچە كەڭ تارقالغان. زەلىلىيشۇناس ئالىم پولاتچان داموللا قەييۇمىي شائىرنىڭ ھەققىدە ئەترابلىق ۋە چوڭقۇرراق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن قوقەن زىيالىيلىرى ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇ، تاشكەنتكە ۋە خارەزمدىكى خىۋە مۇزېيىغا خەت ئەۋەتىدۇ. ھەتتا شۇ يىللاردا ئاشخاباتتا نەشر قىلىنغان «تۈركمەن ئەدەبىيات تارىخى»نى كۆرۈپ، مۇھەممەد سىددىق زەلىلىي بىلەن تۈركمەن شائىرى گۇربان تۇردى (زەلىلىي 1854 ــ 1798)نى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالىم شائىرلار مەجمۇئەسى بولغان «تەزكىرەئى قەييۇمىي» ئەسىرىدە: «زەلىلىينىڭ دىۋانى» بولۇپ، پەرغانە شائىرلىرى ئارىسىدا ئوقۇلغىنى، ھەتتا ئۆمەرخان سارىيىغىچە يېتىپ بارغىنى مەلۇمدۇر. مېنىڭ قولۇمغا شائىر دىۋانىنىڭ كىچىك ھەجىمدىكى 12 بەتلىك، ۋاراقلىرى كونىراپ كەتكەن، تەلىق نۇسخىسىدا ئۇشاق ھۆسنخەتچىلەپ يېزىلغان، بەھرى ‹ۋاۋ›دىن ‹ئەمەسمۇ› رادىپلىق غەزەللىرىگىچە

كۆچۈرۈلگەن بىر ئاۋارە قول يازمىسى چۈشتى. دىۋان ئىنتايىن كونىراپ كەتكەنلىكتىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋاراقلىرى ئاجراپ كەتكەن، ئەمما ئوقۇشتا ئارتۇقچە قىيىنچىلىق ھېس قىلمىدىم. قول يازما، بايازلاردا زەلىلىيدىن كۆپ شېئىرلار ئۇچرايدۇ④» دەپ يازسا، يىرىك ئىلمىي ئەسىرى «قوقان تارىخى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتى»نىڭ 113 ــ سەھىپىسىدە: «ئەل ئىچىدىكى ھاپىزلارنىڭ كۆي ــ بەزمىلىرىدە، ھەتتا شەيخلەر خانىقاسىدىكى زىكرى ــ تەلقىنلەردە زەلىلىينىڭ شېئىرلىرى ئېيتىلىدۇ» دېگەن قىممەتلىك مەلۇماتنى قالدۇرىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، پولاتچان داموللا قەييۇمىي يىرىك مەتىنشۇناس ۋە مەنبەشۇناس سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدا بىرىنچى قېتىم زەلىلىي ئىجادىنىڭ ئەھمىيىتى، سالمىقى ۋە ئۇنىڭ قوقان ئەدەبىي مۇھىتى شائىرلىرىغا كۆرسەتكەن كۈچلۈك ئىجابىي تەسىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئالىم تەزكىرەسىدە زەلىلىينىڭ تۆۋەندىكى سەترلەر بىلەن باشلىنىدىغان شېئىرلىرىنى مىسرا، بېيىت ياكى تولۇقى بىلەن مىسال ئېلىپ تەھلىل قىلغان. بۇلارنى «تەزكىرەئى قەييۇمىي» ۋە «زەلىلىي دىۋانى»دىكى تەرتىپى بويىچە مۇنداق ئۇدۇللاپ كۆرسىتىش مۇمكىن:

1. ئەندەلىبى چارباغى مۇلكى تۈركىستان جۇدا... (2 ــ مۇخەممەس، 4 كۇبلېت».
2. ئەگەرچە بۇلبۇلۇم، ھەر تاماندا باغىم بار... (54 ــ غەزەل، 6 بېيىت).
3. گۇل ئاچىلۇر چەمەن ــ چەمەن، باغ ئىچىدىن باھار ئۆتەر... (47 ــ غەزەل، 4 بېيىت).
4. كىردىكى كەرەشمە بىرلە مەجلىس ئىچىگە يارى... (191 ــ غەزەل، 6بېيىت).
5. خاھى دەير ئىچرە ھەمىشە ساھىبى زۇننار بول ... (15 ــ مۇخەممەس، 2 كۇبلېت).
6. ئىشق ئەھلىنى ئۆزۈڭگە قىلغىل ھاۋالە گاھى... (190 ــ غەزەل، 2 بېيىت).

زەلىلىي «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق»لار تەپرىقىچىلىقىنىڭ تەسىرىدە جەمئىيەتتە زۇلۇم ۋە قارىغۇلارچە ئەقىدەپەرەسلىك كۈچىيىپ، «رىئاكسىئون روھانىيلار تۈرلۈك يوللار بىلەن ئاممىنىڭ ئېڭىنى زەھەرلەپ، ئۇلارنىڭ فېئودال زۇلۇمغا قارشى ھەرىكەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۆز ‹ۋەز ــ نەسىھەت›لىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى تەقدىرگە تەن بېرىشكە چاقىرغان⑤».

زەلىلىي جاھالەتلىك زاماندا ياشىدى ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. شۇڭا، شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىك سەپىرى ئارقىلىق ئۆزلۈكىنى تېپىش، روھ ــ ئىرادىسىنى تاۋلاش، خەلقنى مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسەلدۈرۈپ، ھەقىقەتكە يېتىش مەقسىتىدە تەسەۋۋۇپلارچە گۇمانىزم غايىسىگە بېرىلدى. ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، شېئىر ــ ئەشئارلىرىدا ھەقىقەت خەنجىرىنى مەجاز غىلىپىغا سېلىپ (114 ــ غەزەل) ئىپادىلىدى. زەلىلىينىڭ بۇ يەردىكى «مەجاز غىلىپى» دەل تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىدىكى پوئېتىك ئوبراز ۋە بەدىئىي سەنئەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، شائىر بۇلارنىڭ ۋاستىسىدە دۇنيا ۋە ئىلاھ ھەقىقەتلىرىنى ئىدراكلىدى. بۇ نۇقتا ئۇچۇن پولاتچان داموللا ئۆز كىتابىدا شائىرنىڭ «كىچىك دىۋانى»دىن ئېلىنغان («زەلىلىي دىۋانى» بويىچە 54 ــ غەزەل) مۇنۇ غەزەلنى ئېتىبارىمىزغا ھاۋالە قىلغان:

ئەگەرچە بۇلبۇلۇم ھەر تەرەفدە باغىم بار،
غەمىڭدە نالە سىفەت يۈرەكتە داغىم بار.
فىراق كېچەلەرى كۆركى، ئوتلۇغ ئاھىم بار،
سەھەر سىتارىسىدەك بول، ئەجەب چەراغىم بار.
باشىڭ كېتەر دېمەگىل قورقۇتۇپ مېنى زاھىد،

مۇھەببەت ئەھلىنى ئىستەرمەن تا ئاياغىم بار.
ئەگەرچە ئىشقى ھەقىقىي دىلىمدا جۇش ئۇرسا،
جۇنۇنىنىڭ شۇئلەسىدىن بىھىساب پەراغىم بار.
مۇسافىرانە خوتەندىن دۇئا تىلەيدۇرمەن،
ئەدەم يولىغا يۈنەلدىم نە تۇش، نە ئۇلاغىم بار.
زەلىلىي ھىچ خەزىنە نەزەرگە كەلمەيدۇر،
جەۋاھىرى يوقاتىپمەنكى ئانى سوراغىم بار.

«زەلىلىي دىۋانى»دىكى ۋارىيانتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا قارا خەتلىك سۆزلەر پەرق قىلغاندىن باشقا، ئىيندىۋىدۇئال - بىيوگرافىك ھېسسىي - ئەمەلىي تەسىرات تۇسىدىكى مەزكۇر غەزەلنىڭ تەسەۋۋۇپلۇق جان تومۇرىنى ئىپادىلىگۈچى تۆتىنچى بېيىتى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا يوق، ئەكسىچە ئۆزبېكچە ۋارىيانتىدا ھەرقايسى جەھەتتىن مۇكەممەلرەك ساقلانغان. «غارەتى كۇفرىدىن ئېتەر كەۋكەبۇ جەلال ئىشق» مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان 84 - غەزەل ھەققىدىمۇ ئوخشاش پىكىر قىلىش مۇمكىن.

يېقىنقى يىللاردا كەمىنە «مىرزا ئۇلۇغبەگ نامىدىكى ئۆزبېكىستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى»دا زەلىلىي ئىجادىي مىراسى بويىچە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى ياقلاپ، شائىرنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئەدەبىي ئالاقىلىرى تارىخىدىكى مۇناسىپ ئورنى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن بۇ ساھەدە بىزنى بەزى يېڭى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىگەن يەنە بىر ئالىم ئاتابەگ جۆرەبايېۋدۇر. ئەدەبىياتشۇناس جۆرەبايېۋنىڭ مەلۇماتىچە، قەييۇمىي داموللا «قوقان تارىخى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتى»دا مىسال ئېلىپ، تەھلىل قىلغان زەلىلىي شېئىرلىرى كېيىنكى ئەسىرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ بولغان. بۇلار زەلىلىي مىراسىنىڭ ئۆز دەۋرىدىن تاكى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە پەرغانىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ۋاسىتىسى بىلەن بۇ رايونغا كەڭ تارقالغانلىقىنى، يەرلىك ئاھالە ۋە دىنىي قاتلامنىڭ بولسا مۇھەممەد سىددىقنى ئىككى ئەسىردىن كۆپ ۋاقىتتىن بۇيان سۆيۈملۈك شائىر سۈپىتىدە ئوقۇپ، ئەسلەپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. داموللىنىڭ تەزكىرىسىدە يوق، ئەمما ئاۋۋالقى ئەسىرىدە ساقلىنىپ قالغان شائىر ئەسەرلىرىنىڭ رويخېتى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ۋۇجۇدۇم خىرمەنىدىن ھاسىلى پەرۋانەدۇر پەيدا... (2 - غەزەل، 8 بېيىت).
2. دۇئا يەتكۇر سەبا، يارىمغا ئەلبەتتە - ئەلبەتتە... (169 - غەزەل، 7 بېيىت).
3. كى ئەرەبدىن فىتنەئى شوخى ئەجەم كەلتۇرمىشەم... (16 - مۇخەممەس، 3 كۇبلىت)
4. يۈزۈڭنى كۆرمەگەچ، ئەي گۈلئۇزارىم، يۈز فىغانىم بار... (56 - غەزەل، 5 بېيىت).
5. مېنىڭ جانىم ئالىپ، ئول دىلرەبا جانانە بولغايمۇ... (159 - غەزەل، 6 بېيىت).
6. سەفايى باتىن ئېيلەپ ھەر نەفەسدە تازە بولغايسەن... (4 - مۇخەممەس، 3 كۇبلىت).
7. ئەگەرچە تىفل تاشى باشىم ئۈزرە سەنگسارىمدۇر... (9 - مۇخەممەس، 1 كۇبلىت).
8. كىمكى ئايرىلدى تىرىكلىك مەۋسۇمىدە يارىدىن... (137 - غەزەل، 5 بېيىت).
9. تىلەيدۇرمەن ئىمامانى خوتەندىن رۇخسەتى دائىم... (90 - غەزەل، 1 بېيىت).

شۇنى ئىزاھلاش كېرەككى، ئىككى ئەسەردىن نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن - نەفائىس» ئۇسلۇبىدىكى «تەزكىرەئى قەييۇمىي» ۋاقىت جەھەتتىن سېلىشتۇرما تەتقىقات مېتودىدىكى باي ئەدەبىي، تارىخىي مەنبە

«قوقان تارىخى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتى» كىيىن يېزىلغان بولۇپ، زەلىلىي شېئىرلىرىنىڭ بىرقەدەر كۆپ ۋە تولۇق مەتنى مەزكۇر كىتابتا ساقلىنىپ قالغان.

جۇرەبايېۋ زەلىلىي ھەققىدىكى تەتقىقاتىدا مۇنداق كۆرسەتكەن: «ھازىر، ئۆزبېكىستان رېسپۇبلىكىسى پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەبۇ رەيھان بېرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى فوندىدا ساقلىنىۋاتقان بىر نەچچە قول يازما مەنبەلەردە زەلىلىي شېئىرلىرى ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 19 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان قوقان بايازچىلىق مەكتىپىگە تەۋەدۇر. مەسىلەن، I/1925 رەقەملىك ھىجرىيە 1296 (مىلادىيە 1878) ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن بايازدا. يەنە مەزكۇر فوندنىڭ ھەمىد سۇلايمان نامىدىكى قول يازمىلار بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان II/974، 2735، II/1747، II/2713، I/2071، 2720، 2709، I/1502، 2019، 1003، II/2735، II/1510 رەقەملىك بایاز ۋە مەجمۇئەدىكى ئەشئارلار ئەنە شۇلار جۈملىسىدىندۇر. مەنبەلەرنىڭ بەزىلىرىدە زەلىلىينىڭ بىر، يەنە بەزىلىرىدە بىرقانچە شېئىرلىرى بار. I/2071 بەلگىلىك قول يازمىغا شائىرنىڭ ‹شەيخ زەلىلىي› ماۋزۇسىدا بىر پارچە شېئىرىنىڭ كىرگۈزۈلگەنلىكى مەسىلىنىڭ تېخىمۇ گەۋدىلىك تەرىپىدۇر⑥.» يەنە مەزكۇر ئەمگەكتىن بىلىشىمىزچە، نەۋقىران ھاياتى يەركەندە ئۆتكەن ئۆزبېك شائىرى فۇرقەت (1859 ـ 1909)نىڭ ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەلىشىر نەۋائىي نامىدىكى دۆلەت ئەدەبىيات مۇزېيىنىڭ «ئۆزبېكىستان يازغۇچىلىرى» ئارخىپىدا ساقلىنىۋاتقان كۈندىلىك خاتىرىسىگە زەلىلىي شېئىرلىرى كۆچۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن شۇنچە تالانتلىق شائىر فۇرقەتنىڭمۇ زەلىلىينى غايىۋى ئىلھام مەنبۇەسى سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس!

پاكىتلار شەيخ زەلىلىي ئەشئارلىرىنىڭ ساپ تۈركىيچە ئۇسلۇب، شەرق شېئىرىيىتىگە خاس مۇتىنى، ئازاد سەيرى جاھان قىلىپ يۈرگۈچى ئاشىق سوپىلارنىڭ سەرخۇش ھالقا جەھرىلەردە كۈيلەنگەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا بەلكى قوقەنلىك ئەھلى نەزم ئارىسىغا كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قوقان خانى ئەمىر ئۆمەرخان (1787 ـــ 1822)نىڭ خانىشى، مەشھۇر شائىرە مەھلەر ئايىم نادىرە (1792 ـــ 1842) بېگىمنىڭ «ئۆزبېك خەلق مۇسىقەسى»نىڭ يەتتىنچى تومىدىكى «كەت⑦» رادىپلىق مۇخەممەسىنىڭ مەقتەسىدە:

كۆپ سوزما زەلىلىي سۆزلەرىڭنى،

ئەغيار بىلۇر رەمزەلەرىڭنى،

سۇرتكىل ئىشىكىگە يۈزلەرىڭنى،

ۋاكەل ئىشق يولىدا كۆزلەرىڭنى،

ئەي نادىرە، دۇر فىشان ئېتىپ كەت.

دەپ يازغىنى، ئەلۋەتتە زەلىلىيدىن تەسىرات ۋە ئىشارەتتۇر.

تېخىمۇ گەۋدىلىكى شۇكى، قوقان خانى، ئىستېداتلىق شائىر ئەمىر ئۆمەرخانىنىڭ زەلىلىينىڭ ئۈچ غەزىلىگە كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاخىرقى دەۋر ۋەكىللىرىدىن قوقانغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان مەھمۇد قارى (1828 ـــ 1906)نىڭ ۋەتەنداش شائىرنىڭ بەش پارچە غەزىلىگە تەخمىس باغلىشى زەلىلىينىڭ چېگرا ئاتلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەدەبىي ئالاقە ۋە بەدىئىي تەسىر تارىخىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان مەشھۇر نامايەندە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ تەخمىسلەر تېماتىك مەزمۇن، شېئىرىي بالاغەت ۋە ھېسسىي رەڭ جەھەتلەردىن زەلىلىي غەزەللىرىدىكى تەسەۋۋۇپلۇق غايىنى يەنىمۇ بېيىتىپ گەۋدىلەندۈرگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ئوبزورچى ۋەدۇد مەھمۇد ئۆزبېكىستاندا «بۈگۈنكى شېئىر ـ لىرىمىز ۋە سەنئەتكارلىرىمىز» ماۋزۇسىدا ماقالە يېزىپ، «ئەمىرىي» تەخەللۇسىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەمىر ئۆمەرخانغا «ئىلاھىي كۈيلەر ساھىبى» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن. مەزكۇر ئىلمىي ئەمگەك ئۆزبېكىستانلىق مەشھۇر ئالىم ئابدۇرەئۇف فىترەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن. تەنقىدچى ئۆزىنىڭ ئەدەبىي قاراشلىرىنى دەلىللەشتە شائىر دىۋانىدىكى «يېتەر» رادىپلىق مۇخەممەسنىڭ تۆۋەندىكى كۇپلىتىنى كەلتۈرگەن:

سەھەر چەمەندە قۇلاغىمغا باڭى ئۇد يېتەر،
بەشارەتى كەرەمى ۋاجىبۇل ـ ۋۇجۇد يېتەر،
بۇ كېچەكىم تولۇن ئاي، ساغىرىغە جۇد يېتەر،
فەلەك پىيالەسىدىن شەربەتى شۇھۇد يېتەر،
سەۋادى سۇرمە دىمە، كۆزلەرىمگە دۇد يېتەر.

تارىختىن مەلۇمكى، ئۆتمۈشتە فېئودال خانلارنىڭ نەزەرىگە نائىل بولۇش ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيتتى. بولۇپمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋەرائۇننەھرگە داڭقى كەتكەن خوش تەبىئەتلىك شائىر، ھۆكۈمدار ئۆمەرخاندەك تەكەببۇر پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە يېقىشى قىيىن ۋە ئامەت ھېسابلىناتتى. ۋاھالەنكى، پۈتۈنسۈرۈك ئەمىرى دىۋانىدا ئەدەبىياتشۇناس ۋەدۇد مەھمۇدنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ يۈكسەك بەدىئىي تەلقىنىگە سازاۋەر مەزكۇر مۇخەممەسنىڭ زەلىلىينىڭ يۇقىرىقى مەتلەئـ (قارا خەتتە كۆرسىتىلگەن) بىلەن باشلىنىدىغان غەزىلىگە يازغان تەخمىس بولۇپ چىقىشى بىز ئۈچۈن ئاجايىپ پەخىرلىنەرلىك ئىشتۇر. ئاشىقنىڭ تەڭرى ۋە تەبىئەت ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كېتىش ئىستىكىدىكى مەزكۇر مۇخەممەستە غەزەل ۋە تەخمىس ئوتتۇرىسىدىكى تاناسىپلىق شۇنداق يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيەدە ئەمەلگە ئاشقانكى، ئاقىۋەتتە شېئىردا «ھەرپلەرنىڭ ساداسى، كەلىمىلەرنىڭ ئاھاڭى ۋە ۋەزىنىنىڭ تىلى⑧» تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى دائىرىسىدە ھېكمەتلەشكەن. «ھافىزى قۇرئان» مەھمۇد قارىي⑨نىڭ زەلىلىيگە تەخمىسلىرى ھەققىدە ھەم شۇنداق مۇلاھىزەلەرنى يۈرگۈزۈش مۇمكىن. قىسقىسى، ئەمىر ئۆمەرخان دەۋران سۈرگەن يىللاردىن كېيىنكى زامانلارغىچە ئۆزبېكىستان يەرلىرىگە مۇھەممەد سىددىق زەلىلىينىڭ بىر قول يازما دىۋانى تارقالغان. تەخمىسلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «زەلىلىي دىۋانى»غا شائىرنىڭ «كىچىك دىۋان»ىدىن تولۇقلانغان غەزەللىرىگە يېزىلغانلىقىغا قارىغاندا، پەرغانىگە زەلىلىينىڭ مەزكۇر دىۋانىنىڭ تارقالغانلىق ئېھتىمالى چوڭ. چۈنكى، «كىچىك دىۋان» شائىرنىڭ ئىجادىيەتتە پىشىپ يېتىلگەن ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭغا زەلىلىينىڭ ھەر جەھەتتىن سەرخىل ئەسەرلىرى جەملەنگەن. بەنە دىۋاندىكى تۆرلۈك بەدىئىي ئالامەتلەر ئۇشبۇ توپلامنىڭ مۇھەممەد سىددىقنىڭ نەزەرى ۋە تەھرىرىدىن ئۆتكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا:

كۆڭۈلنى قان ئېتەر چۇن لالە داغ ئاھىستە ـ ئاھىستە..
ۋە..
فەلەك پىيالەسىدىن شەربەتى شۇھۇد يېتەر..

سەترىلىك ئىككى غەزەلنىڭ شائىرنىڭ قوقانغا تارقالغان دىۋانىدا بارلىقى، ئەكسىچە شىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان ئىككى قول يازما نۇسخىسى ياكى بۇلار ئاساسىدا نەشر قىلىنغان «زەلىلىي دىۋانى»دا

يوقلۇقى زەلىلىينىڭ يوقالغان ياكى تېخىچە ئىلىمگە مەلۇم بولمىغان يەنە بىر دىۋانىنىڭ بارلىقى ھەققىدە بىزنى ئويلاندۇرىدۇ.

ئومۇمەن، مەشرەپنىڭ قەشقەرگە كېلىشى، زەلىلىي بىر قول يازما دىۋانىنىڭ پەرغانىگە تارقىلىشى، ئوخشاش «ئەۋلىيا» تەسىرىدىكى دەربەدەر ھايات، ياشىغان ماكان ـ زامان جەھەتتىكى بىردەكلىك ۋە شېئىرلارنىڭ مەقام ـ ئېھتىراس جەھەتتىكى يېقىنلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر زەلىلىي شېئىرىيىتىنىڭ مەشرەبكە قوشۇلۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ مەسىلە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىش ۋە كاتىپلارنىڭ خاتالىقلىرىدىنمۇ مۇستەسنا ئەمەس. ئەلۋەتتە! ھازىر يەنە «مەشرەبنىڭ 1000 پارچىگە يېقىن يېڭىدىن تېپىلغان غەزەللىرى نەشرگە تەييارلانغان⑩» بولۇپ، بۇ مەسىلە بىزدىن كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا نىسبەتەن سەزگۈر ۋە مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيەدە بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمىرى زەلىلىينىڭ:

1. بىر نەزەر كۆرۈپ ئاشىق جان بېرۇرنى مىننەت تۇت... (20 ـ غەزەل).

2. يۈزۈڭنى كۆرمەگەچ، ئەي گۈلئۈزارىم، يۈز قىيغانىم بار... (56 ـ غەزەل.)

ۋە «زەلىلىي دىۋانى»دا يوق «يېتەر» رادىپلىق غەزەللىرىگە، مەھمۇد قارى بولسا شائىرنىڭ:

1. تا كۆزۈمگە جىلۋەگەردۇر قامەتى پۇر رۇشلار... (36 ـ غەزەل).

2. گۈل ئاچىلۇر چەمەن ـ چەمەن باغ ئىچىدىن باھار ئۆتەر... (47 ـ غەزەل).

3. غارەتى كۇفىدىن ئېتەر كەۋكەبۇ جەلال ئىشق... (84 ـ غەزەل).

4. قەمەر مەشرىق سارىدىن سەير ئېتەر ئاھىستە ـ ئاھىستە... (170 ـ غەزەل).

5. ئىشق ئەھلىنى ئۆزەڭگە قىلغىل ھەۋالە گاھى... (190 ـ غەزەل)

قاتارلىق غەزەللىرىگە تەخمىس يازغان. تۆۋەندە بىز ئەلىشىر نەۋائىيدىن كېيىن چەت ئەللەردە كۆپرەك تەتقىق قىلىنغان ۋە دۆلەت ھالقىغان ئەدەبىي ئالاقىلەردە كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن شائىرىمىز مۇھەممەد سىددىق زەلىلىينى كەڭ كىتابخانلارنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە تونۇشىغا تۈرتكە بولار، نەتىجىدە تېكىستولوگلار سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۈچۈن ئىلھاملىنار، دېگەن مەقسەتتە بىرىنچى قېتىم مەزكۇر تەخمىسلەرنىڭ تولۇق مەتنلىرىنى ئېلان قىلدۇق.

## ئەمرىينىڭ زەلىلىي غەزەللىرىگە مۇخەممەسلىرى

**(1)**

ئەي كۆڭۈل، بۇ دەير ئىچرە رىندلەرغە ئۇلفەت تۇت،
مۇغبەچە ئاياغىن ئۆپ، دەير پىرىن ئىززەت تۇت،
بادەنۇش ئېتىپ، جانا، جىلۋەسىن غەنىمەت تۇت،
بىر نەزەر كۆرۈپ، ئىشقى جانپەرۋەرنى مىننەت تۇت،
ئاستانەئى مەئشۇق ياستانۇرنى دەۋلەت تۇت.

ئى سەبا، دىگىل بارىپ ئەرزىم ئول قارا كۆزگە،
بىزنى سالدى ھىجرانى مۇنچە دەردى جان سوزگە،
ئوخشاماس پەرىلەركىم، ئول بۇتى دىل ئەفرۇزگە،
باۋەر ئەيلە بۇ سۆزگە، سۇرمە قىل سۆزۇم كۆزگە،
يوقتۇر ياردىن ئۆزگە، غەيردىن ھەزىمەت تۇت.

بەرمە كۆڭۈل ئەي سالىك، بىۋەفادۇرۇر ئالەم،
ھەرنەكىم ئېرۇر مەۋجۇد، بولغۇسى ھەمە بەرھەم،
بۇ رەبات ئەرا ئېلدىن نەقدى ئۆمر ئالۇر كەم ـ كەم،
كوھنە لەڭگەرى ئالەم، كارۋان ئېرۇر ئادەم،
دەم ئالىپ ئۆتەر بىر دەم، سەن بۇ دەمنى فۇرسەت تۇت.

بىۋەفا ئېرۇر ئالەم، جامى بادە قىلغىل نۇش،
قىلدى كۆپ شەكەر لەبنى مەرگ بادەسى بىھۇش،
كۆپ سۇخەنسەرالارنى ئەيلەدى ئەجەل خامۇش،
سەرۋ قامەتۇ گۇلپۇش، زۇلفى كاكۇلى بەردۇش،
ئەيلەدى كەفەن ئاغۇش، ئەقلىڭ ئولسا ئۇزلەت تۇت.

تاڭلا كۆز ياشارغاندا، فىتنە باش چىقارغاندا،
غەم يولىدا بارغاندا، قول ـ ئاياغ قابارغاندا،
ئەل قىغان كۆتەرغەندە، سارغايىب قىزارغاندا،
ھەشرگاھغە بارغاندا، قىلنى قىرىق يارغاندا،
تەلمۇرۇپ، بوزارغاندا دامەنى شەفائەت تۇت.

ئىستەسەڭ دۇرى مەقسەدى، ئىشق بەھرىغە غەرق ئول،
ئەزمى كەئبەئى دىل قىل، قەتئىن ئەيلەپ ئوڭۇ ـ سول،
كۆڭۈل ئۈز بۇل دۇنيادىن، بىر ئىتەك تاپىپ ئۇر قول،
گەر تاپاي دىسەڭ سەن يول، تەرك ئېتىپ قەلەندەر بول،
ھەمكى خۇسرەۋاندەك تول، كوچەئى مۇھەببەت تۇت.

ساقىيا، قەدەھ كەلتۇر، يار بادەئى نۇش ئولدى،
چىھرەلەرنى رەڭ ئەيلەپ، تۇررەسى بەدۇش ئولدى،
سۇنبۇلى زۇلفى دامى ئەقلۇ ھۇش ئولدى،
بادە شىشەغە تولدى، خۇنى دىل بەجۇش ئولدى،
مۇھتەسىب تەيىن ئولدى، رىند بىرلە سۇھبەت تۇت.

ئەي ئەمىرىي، ئاشىق بول، گەر بولاي دىسەڭ كامىل،
يار ئىشقىدىن تانما، گەر ئېرۇرسەن ئەھلى دىل،

دەردى داغ پەيدا قىل، ئۆزلەت ئەيلەگىل مەنزىل،
ئەي زەلىلىي، بىھاسىل ئىشق ئېلىگە بول ۋاسىل،
بولما بىر نەفەس غافىل، گوشەئىدە خىلۋەت تۇت.

(2)

غەمىگىدىن ئى پەرى رۇخساركى، جانى ناتەۋانىم بار،
قىلۇرغا رەنگى ھىجرانىڭ قىلىچىن قەترە قانىم بار،
فىراقىڭ باغىدا بۇلبۇل كەبى مىڭ داستانىم بار،
يۈزۈڭنى كۆرمەگەچ، ئەي گۈلئۇزارىم، يۈز فىغانىم بار،
جەھان باغىدا ئىستەرمەن سېنى، تا تەندە جانىم بار.

تۇتاشتى ئىشق ئوتى كۆڭلۈم ئارا تەدبىر ئېتەلمەيمەن،
گۈلى رۇخسارى سىيرابىڭ ئاڭا تەسۋىر ئېتەلمەيمەن،
مۇھەببەت شەرھىنى جان ئۆرتەنۇر تەقرىر ئېتەلمەيمەن،
جۇنۇن مەكتۇبىنى مەزمۇننى تەھرىر ئېتەلمەيمەن،
ئېشىتكەن خەلق يىغلار شۇئلەئى ئاھى فىغانىم بار.

قەدەم قويغان مۇھەببەت كويىگە ئەفسانە بولماسمۇ؟
پەرىلەر بىرلە سۆھبەت ئەيلەگەن دىۋانە بولماسمۇ؟
غەمىن يار ئىستەگەن ئەغياردىن بىگانە بولماسمۇ؟
جۇنۇن شەھرى سەراسەر ئاقىبەت ۋەيرانە بولماسمۇ؟
كۆزىن ياشى چۇ دەريا ھەر تەرەف ئابى رەۋانىم بار.

پەرىي رۇخلار يۈزىنى ماھ دەرمەن ئەيب قىلماڭلار،
سىھى قەدلەر غەمىدىن ئاھ دەرمەن ئەيب قىلماڭلار،
ھەرىمى دىلنى بەيتۇللاھ دەرمەن ئەيب قىلماڭلار،
كۆڭۈلنى پايتەختى شاھ دەرمەن ئەيب قىلماڭلار،
ۋۇجۇدۇم شەھرىدە لەشكەركەشى ساھىبقىرانىم بار.

ئەمىرا، مەنگە ئوخشاپ غەمدە مۇئتاد ئولماغىل ھەرگىز،
ئەسىرى جىلۋەئى ئول سەرۋى ئازاد ئولماغىل ھەرگىز،
مېنى مەھزۇن تاپىپ، ئەي ئىشق، جەللاد ئولماغىل ھەرگىز،
يىقىلدى دەپ زەلىلىينىڭ ئەدۇۋ شاد ئولماغىل ھەرگىز،
مەدەدكارىم مېنى سولتان ساتۇقى بۇغراخانىم بار.

(3)

سەھەر چەمەندە قۇلاغىمغا باڭى ئۇد يېتەر،
بەشارەتى كەرەم ۋاجىبۇل - ۋۇجۇد يېتەر،
بۇ كېچەكىم تولۇن ئاي، ساغەرىغە جۇد يېتەر،
فەلەك پىيالەسىدىن شەربەتى شۇھۇد يېتەر،
سەۋادى سۇرمە دېمە، كۆزلەرىمگە دۇد يېتەر.

تەرىقەت ئەھلىنى ئەندىشەسى قەنائەتدۇر،
ۋۇجۇد شەمئىنى كۆيدۇرمەك ئاڭا نې ئادەتدۇر،
چۇ ساق بولسا كۆڭۇل، ئەنجۇمەندە خىلۋەتدۇر،
چەراغى خانەقەھى، سوفىيا، نە ھاجەتدۇر،
ستارەئى فەلەك گۇنبەزى كەبۇد يېتەر.

ھەۋايى ئىشقدە پەرۋازى مىسلى تەير ئەتكىل،
ئانى ۋىسالى ئۈمىدىدە تەركى غەير ئەتكىل،
ۋۇجۇد كىسۋەتىنى تاشلەرگە خەير ئەتكىل،
تەمامى دەشتى تەرىقەت بەرەھنە سەير ئەتكىل،
كەلامى خىرقەئى پەشمىنەدىن نې سۇد يېتەر.

ۋىسالسىز بۇ چەمەندىن كۆزۈمگە زىندان خۇب،
نشاتى مەھفىلىدىن كۇنجى بەيتۇل - ئەھزان خۇب،
ئەگەرچە بۇلبۇلى شورىدەغە گۇلىستان خۇب،
مەنى جەھان ئەھلىنى بەزمىدىن گۇرىستان خۇب،
نەۋايى نەۋھەئى ھەر قەبردىن سۇرۇد يېتەر.

فىغانكى، غەفلەت ئىلە نەقدى ئۆمر بولدى ھەبا،
ھەبىب رەۋزەسىغە يەتمەدىم، چۇ بادى سەبا،
ئەمرى ئەردىم گەرچى مۇھەببەت ئالىب ئەبا،
نەسىبەئى چۇ جەراھەت، زەلىلىي، ۋەھ ئەجەبا،
مۇھەممەدىي ئىدىمۇ شەربەتى جۇھۇد يېتەر.

## مەھمۇد قارىينىڭ زەلىلىي غەزەللىرىگە مۇخەممەسلىرى

(1)

مەستى مەجنۇنۋار لەيلىۋەشگە دەريا جۇشلار،
چۇن ئەلىف جان ئىچرە جايلاپ باۋەرى خامۇشلار،

باش كۆتەرمەس باڭى رىھلەتدىن ئېشتمەي گۇشلار،
تا كۆزۈمغە جىلۋەگەردۇر قامەتى بەردۇشلار،
ئافەرىن دەر تاقەتىمغە مەردۇمى باھۇشلار.

لالەدەك سەھەردە ئاچىلغان كەبى كۆكسۈمدە داغ،
نۇش قىلغايمەن مۇھەببەت شەربەتىدىن بىر ئاياغ،
تا ھاياتىم بار، ۋەسلى راھىدىن قىلغۇم سوراغ،
نالەدىن بۇلبۇل پەرىشان، جىلۋەدىن تاۋۇس باغ،
ئۆرتەنۇر سەھنى چەمەندە بەرقى گۇلگۇن پۇشلار.

خابى غەفلەتدىن كۆز ئاچماي گۇلئۇزارى سولمادى،
ئەبرى ئېھساندىن تۆكۈلمەي باغى سەبزىي ئۇلمادى،
بارى مىھنەتدىن كۆتەرمەي قامەتى خەم بولمادى،
«ھاي ـ ھۇيى» شول كېچە مەيخانەدىن كەم بولمادى،
بىر تەرەف پىرى مۇغانۇ بىر تەرەف مەينۇشلار.

سايە ئاسا ئەرگەشىپ خۇرشىدغە لەيلۇ نەھار،
زۇلفىدىن پابۇسلىك قىلماق ئۇچۇن دىل بىقەرار،
دىيدەدىن دەريا تۆكۈلگەن، نەخلى ئۇممىد ئابشار،
غۇنچەئى كۆڭلۇمنى گۇلگۇن ئەيلەدى فەسلى بەھار،
ھەر سەھەر فەيزى نەسىمى سۇبھىدىن ئاغۇشلار.

ھېچ ۋەھم ئەتمەي بۇ سەھرا خارىغە قويغىل قەدەم،
خۇبلار زۇلم ئەيلەر ئەۋۋەل، ئاخىرى لۇتفۇ كەرەم،
قارىي، باغى مۇھەببەت مىۋەسى بولماغاي ئەدەم،
ئەي زەلىلىي، پەردەئى جان ئىچرە پىنھان ئەردى غەم،
ئاشكارا ئەيلەدى بىھۇدە ئاغزى بوشلار.

(2)

شەمئى جەمالىن ئىزلەگەن ئاشىقى دىل ئەفگار ئۆتەر،
دىيدەنى قانغا تولدۇرۇپ يولىدا ئابشار ئۆتەر،
جانۇ جەھانغا ئوت سالىپ ناز ئىلە گۇلئۇزار ئۆتەر،
گۇل ئاچىلۇر چەمەن ـ چەمەن باغ ئىچىدە بەھار ئۆتەر،
ئۇيقۇنى كۆزگە قىل ھەرام، ئەينى سەھەردە يار ئۆتەر.

ئابرۇيى ناز خەنجەرىن چەككەلى قىلما ئىختىيار،
مەھزۇن دىلىمدا ساخلاگەن دۇرلارىم ئەيلەيىن نىسار،
تەكدى شەرارى ئىشقىدىن جىسمىمى ئەتتى خۇشكۇار،
باردى كۆيۈك سارى بىر نەفەسدە بىقەرار،
ياندى يۈزلۈك كۆرە ئالمايىن، تابەكەي ئىنتىزار ئۆتەر.

گەرچە يولىڭدا مەن كەبى ئاشىقى زار بىئەدەد،
بەرمەدى يىغلاگەن بىلە تولېئى ۋاجگۇن مەدەد،
زۇھد ئىلە ئىشق يولىغا كىرمەگەن ئەسلى بىخىرەد،
بىئەدەبىيكى تەئن ئىلە قىلىسا ئەگەر سۆزىمغە رەد،
تىغى زەبان ئاڭا كۆرۈك چۇن دەمى زۇلفىقار ئۆتەر.

راھى فەناغە يۈزلەنىپ، خاكى ئۇل ئاستانە بول،
سەنگى مەلامەت ئۇرگەلى ئېل ئىچىدە نىشانە بول،
مەجنۇنى خاكساردەك دەھردە بىر فەسانە بول،
دەير سارىغە قوي قەدەم مەستى مەيى مۇغانە بول،
خىزر سۈيىنى ئىستەمە، تاپقۇنچە روزگار ئۆتەر.

بەختى سىياھىمى كۆرۈك، كۈن ـ كۈندىن بولۇپ زەبۇن،
كۆيدۈرۈپ ئوت شەرارەسى كۈندۈزى كېچەدىن فۇزۇن،
ھۇر سىفەتلەر ئىشقىدىن قارىينى باغرى بولدى خۇن،
داغى قاناتماغىل يۈزىنى، تەلبە زەلىلىي سەن بۇ كۈن،
جامى جۇنۇن تۇتار ئۇچۇن لالەئى كاسەدار ئۆتەر.

(3)

خىرمەنى جانغا ئوت ئۇرار زىلزىلەئى تەبالى ئىشق،
شورىشى نالە كۆرگۈزەر زەمزەمەئى قەۋالى ئىشق،
قىلسا سۇئال ئەگەر كىر دەغدەغەئى مەقالى ئىشق،
غارەتى كۇفرىدىن ئېتەر كەۋكەبۇ جەلال ئىشق،
پەردە كۆتەرمەيىن داغى شەئشەئەئى جەمالى ئىشق.

خەمرى ئەلەستدىن ئىچىپ، جەھد ئىلە تائەت ئەيلەدى،
ئەمرىغە باغلادى كەمەر جاندە ئىتائەت ئەيلەدى،
مىھنەتىدە قەرار ئالىپ زەۋق ئىلە راھەت ئەيلەدى،

سوفىنىڭ خانىقاھ بۇ كۆن لافى مۇھەببەت ئەيلەدى،
فەخرى مۇھەممەدىيدەدۇر سەلتەنەتى كەمالى ئىشق.

زۇلمەتى شام قالمادى قىلدى تۇلۇئى ئافتاب،
كۇفر بولۇپ مۇزمەھىل، خىجلەت ئىلە تۇتۇپ نىقاب،
شىر سىفەت مەردلەر شەۋق ئىلە ئىچتىلەر شەراب،
مەزھەبى بۇ ھەنىفەدىن شەرئ ئېلى بەردىلەر جەۋاب،
گەرچە قىلۇرمەن بارھا شەفئىدىن سۇئالى ئىشق،

قىلدى ئىرادە پەيكىلىك، غىررى خەفىي بىلالمادى،
ھىكمەتى ئەسلى كاردىن نۇكتەئى سۆز قۇرالمادى،
شەممەئى ئىشق بۇيىدىن ھەمراھ ئولۇپ ئالالمادى،
يۇردى نەبىيۇ جىبرەئىل بەرقەدەمى بارالمادى،
سىدرەدىن ئۇل نېچۇك ئۆتەر، بولماسا پەررۇ بالى ئىشق.

ئەيلە قەبۇلۇ قىلما رەد، تەۋرى دىل ئۇزرە دېسە راز،
ئاسىئى پۇرگۇناھ ئېرۇر، لۇتف ئىلە ئەيلە سەرفەراز،
ئەجزى قۇسۇرىن كۆرۈپ، قارىيدىن ئەتمە ئىھتىراز،
تەلبە زەلىلىي رەقس ئۇرۇپ، دەير ئىچىدە قىلۇر نەماز،
«ھەييە ئەلەس ـ سەلاھ» دەپ، قىلدى نىدا بەلايى ئىشق.

(4)

خەيالى بىرلە تەندىن جان كېتەر ئاھىستە ـ ئاھىستە،
بۇ مۇشكىل بىرلە ھەردەم قان يۇتەر ئاھىستە ـ ئاھىستە،
كۆڭۈل ھەر ئاشياندىن تەير ئېتەر ئاھىستە ـ ئاھىستە،
قەمەر مەشرىق سارىدىن سەير ئېتەر ئاھىستە ـ ئاھىستە،
بەلى مەغرىبغە بىر كۇندە يېتەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.

ۋەفا رەسمىدەكى دىۋانەئى دەپ شەكل قىلماڭلار،
بەلا زەمىنىدە راھەت ئىستەگەننى سەھل بىلمەڭلار،
شەھىدى ئىشقلەرنى تىغ بىرلە قەتل قىلماڭلار،
داغى مەشقى جۇنۇنۇم نارەسادۇر ئەيب قىلماڭلار،
كەمالىغە يېتەر ئىلمۇ ھۇنەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.

ئەگەرچە مۇرغى رۇھۇم ئاشيانىغە يېتەلمەيدۇر،
بۇ جىسمى خاكىدىن ئافاقى ئالەمغە كېتەلمەيدۇر،

كىيىپ دامى تەئەللۇق مەرگى جامىن نۇش ئىتەلمەيدۇر،
ئەجايىپ كۆرمەگەيسەنكىم، ئەگەر پەرۋاز ئىتەلمەيدۇر،
چىقارۇر قۇش بەلاسىن بالۇ پەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.

كەمان تاپىلمادى، خەم سەيدغە تىگۈرمەدى بىر تىر،
فەنا شەھبازى بولماي، بولمادى بىر شىرى ئالەمگىر،
جىھادى نەفس قىل لەب تەشنە بولسۇن ھىچ بولماي سىير،
كۆڭۈل گەرچە تەھىيدۇر، فەيزى ھەقدىن بولماگىل دىلگىر،
سەدەفگە پۇر بولۇر دۇررى گەۋھەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.

تەرىقى بەندەلىكتۇر ھەر قەدەم قويغاندا نازىر بول،
بەلا ھەر گۇشەدىن تۇغيان قىلۇر ئەلبەتتە سابىر بول،
سىراتەل ـ مۇستەقىم ئۇستىدە سەن ھۇشيارۇ ھازىر بول،
فەرىدۇن پادشاھى يەتتى ئىقلىم ئەردى، لېكىن ئول
مۇيەسسەر ئەيلەدى تاجى كەمەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.

ئىچىپ جامى مۇھەببەت، سايىرى ھەر دەشت بولغايسەن،
چۇنان نالاندە بول، ئۇقبادە بالا دەست بولغايسەن،
مۇغان كۇيىدا قارىي، دائىما پا بەست بولغايسەن،
زەلىلىي، سۇبھى سادىق ساغەرىدىن مەست بولغايسەن،
فەلەككە ئىلتەدۇر ئاھى سەھەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.

(5)

ياستانگىل ئاستانىن ئول ئىشق پادشاھى،
فانىي قىلىپ ئۆزۈڭنى تارتغىل سەھەردە ئاھى،
سالغا ساڭا بەناگاھ ئول شاھ نە مىلك ئاھى،
ئىشق ئەھلىغە ئۆزۈڭنى قىلغىل ھەۋالە گاھى،
ھەر بىنەۋا بۇ يولدا مەسنەدنىشىن شاھى.

بىر زەررە خاك ئەسلىڭ ھەرچەند شىرى نەرسەن،
ئايەت ـ ھەدىس ئىشتماي مانەندى مۇردە كەرسەن،
نۇقسانىڭا باقىپ يۇر، زىرا چۇ مەستى خەرسەن،
ئەي ئادەمىي، كۆزۈڭ ئاچ، ئەزبەسكى بىخەبەرسەن،
تەڭرى تانۇغلۇغىغە ھەر خارۇ خەس گۇۋاھى.

ھەق رەھمەتى ئۇلۇغ دەپ، قىلما گۇناھ، ئان بۇدەھ،
فەرز ئۇزىدە ھەزەر قىل بىر زەررە بولسا مەگەر، ۋەھ،
ئەھلى زەمانە ئۇرسۇن تا قىلما ئاھ، يا ۋاھ،
بار گۇناھىڭ ئۇلدى نامەڭ ئىچىدە چۇن گوۋەھ،
تائەتدىن ئالمادىڭ سەن ئېلكىدىن پىر گاھى.

قەلبىڭگە پاسىبان بول، بىكار يۈرمە زىنھار،
مەردانە ھەقپەرەستنى تۇت دامەننى زىنھار،
خىزمەتنى خالىس ئەيلە، ئالغىل دۇئانى زىنھار،
دىل كەئبەئى مۇئەززەم، ئاغرىتما ئانى زىنھار،
ھەق دەرگەھىدە يوقدۇر مۇندىن ئۇلۇغ گۇناھى.

ئىشق ئەھلىنى دەللى رەقس ئەيلەمەي بولۇرمۇ؟
ئوت ئىچرە ئول خەلىلى، رەقس ئەيلەمەي بولۇرمۇ؟
قارىينى كۆپ ئەلىلى، رەقس ئەيلەمەي بولۇرمۇ؟
ھىجران تۈنى، زەلىلىي، رەقس ئەيلەمەي بولۇرمۇ؟
نالەڭگە ئۇن قوشارلار مۇرغانى سۇبھگاھى.

بۇلاردىن باشقا تۈرلۈك مەنبەلەردە مۇھەممەدسىددىق زەلىلىينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، ئەمما «زەلىلىي دىۋانى»غا كىرمەي قالغان بىر قىسىم شېئىرلارمۇ بار. قىزىققۇچىلارنىڭ مۇلاھىزىسى ئۈچۈن كەمىنە بۇلارنىمۇ توپلىدىم:

*       *

ئى خاجەئى جەھان، خۇدا دائىم يارىڭ بولسۇن،
گەردۇن قەدەمىڭدىكى ئېئتىبارىڭ بولسۇن.
دۇشمەن ئىلە تۇغ ـ ئەلەملەر جىلۋەگەر ئۇلدى،
ھىممەت ئېلكىڭدە ھەمان زۇلفىقارىڭ بولسۇن.

*       *

بۇرھاندىن ئول نەسەبى پەس سەگى ئەبلەخ،
سىنىڭ ئىسلام ھامىلىغىڭ بىئۇزار بولسۇن.
بىچارە زەلىلىي خاجەنىڭ ئۇلفەتى ئىدى،
دۇشمەنىڭ دۇشمەن قولىدا خارۇ زار بولسۇن.

*　　　*　　　*

جەھاننى سەير ئېتەرگە نەچچە كۆن باغۇ چەمەن ياخشى،
دەمى ئۇلفەت ئالۇرغا دىلبەرى شىرىن سۇخەن ياخشى.

سەمەرقەند سەيقەلى ئالەم، بۇخارا قۇببەتۇل ـ ئىسلام،
بىزنىڭدەك تۈركىي ئادەملەرگە بۇ شەھرى خوتەن ياخشى.

كۆرۈپ كىمخابۇ تىللانى غەزەب بەرق ئەيلەمەك لازىم،
دېگەي نادان كىشىلەر: تۇتىدىن زاغۇ زەغەن ياخشى.

ئىزاھاتلار:

①④ پولاتچان داموللا قەييۇمى: «تەزكىرەئى قەييۇمى»، تاشكەنت، 1998 ـ يىلى، 1 ـ كىتاب، 182 ـ، 80 ـ بەت.

② «ئۆزبېك ئېنسىكلوپېدىيەسى»، تاشكەنت، 7 ـ توم، 71 ـ، 72 ـ بەت.

③ ⑩ مۆمىن ھاشىمجانوۋ: «مەشرەبى مۆتەبەر ئۆزۈم»، تاشكەنت، 2007 ـ يىلى، 17 ـ، 4 ـ بەت.

⑤ نەجمىددىن كامىلوۋ: «خىزىر چەشمىسى»، تاشكەنت، 2005 ـ يىلى، 312 ـ بەت.

⑥ ئاتابېك جۆرەبايېۋ: «قوقان ئەدەبىياتشۇناسلىرى ۋە شائىرلىرى نىگاھىدا زەلىلىي شېئىرلىرى»، «ئەدەبىيات كۆزگۈسى» ژۇرنىلى، تاشكەنت، 2008 ـ يىللىق 10 ـ سان.

⑦ «ئۆزبېك خەلق مۇسىقەسى»، تاشكەنت، 1958 ـ يىلى، 7 ـ توم، 91 ـ بەت.

⑧ 6 ـ ئىزاھاتتىكى ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑨ مەھمۇد قارىينىڭ «دىۋان قارىي» ناملىق بىر تولۇقسىز دىۋانىنى 1989 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ئىشخانىسى نەشر قىلدۇرغان.

⑩ ئابلىمىت ئەھەد بۇگۇ: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى، 76 ـ بەت.

⑪ «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى»، قەشقەر، 1985 ـ يىلى، 1 ـ سان، 11 ـ بەت.

⑫ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 474 ـ بەت.

*　　　*　　　*

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



# فۇرقەت ۋە زەۋقىينىڭ شېئىرىي مەكتۇپلىرى

شەھلا كەرىموۋا (ئۆزبېكىستان)

مەرىپەتچىلىك دەۋرى ئەدەبىياتىدا تەرەققىي قىلغان، لىرىك شېئىر تۈرلىرىدىن بىرى مەكتۇپ ياكى نامە ژانىرىدۇر. شېئىرىي يول بىلەن مەكتۇپلار يېزىش ئەدەبىيات تارىخىدا قەدىمدىن مەۋجۇت ئىدى. بۇ ژانىرنى ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ سەييىد ھەسەن ئەردەشىرگە يازغان مەكتۇپىدا يۈكسەك باسقۇچقا كۆتۈرۈپ، مەكتۇپ ئارقىلىق ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي شارائىتىنى تارىخىي جەھەتتىن توغرا يورۇتۇپ بەرگەنىدى. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بۇ ئىلغار ئەنئەنىسىنى 19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا مۇقىمىي، فۇرقەت، زەۋقىي، نادىم نەمەنگانىي قاتارلىق ئۆزبېك شائىرلىرى ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە راۋاجلاندۇردى. جۈملىدىن، زەۋقىينىڭ ئۆزبېك مەرىپەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي شەكلىنىڭ بېيىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى توغرىسىدا توختالغاندا، شائىرنىڭ لىرىك مىراسى ئىچىدە ھەجمى ئاز بولسىمۇ ئىككى شېئىرىي مەكتۇپى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئۇبەيدۇللا ئۇستا سالىھ ئوغلى زەۋقىي (1853 — 1921) 19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدىكى ئۆزبېك ئەدەبىي مۇھىتىدا زور شۆھرەت قازانغان. زامانداش ئىجادكارلار ۋە ئىلغار زىيالىيلار تەرىپىدىن ئىستېبدات ئىگىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ۋە خەلقنىڭ نەزەرىگە ئېلىنغان.

زەۋقىي لىرىكىلىرىدا كامىل ئىنسانغا خاس ئېنىق مەۋقە ۋە ئېتىقاد، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادىللىق، مېھىر - شەپقەت، ۋاپادارلىق قاتارلىق ئېسىل خىسلەتلەر يارقىن ئەكس ئەتكەن؛ دوستلۇق، كەمتەرلىك، ھالاللىق، راستچىللىق، سەۋرچانلىق قاتارلىق يۈكسەك تۇيغۇلار كۈيلەنگەن؛ زامانىسىنىڭ قابىلىيەتسىز، جاھىل، نادان ۋە مەنمەنچى كىشىلىرى قامچىلانغان، خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس غېرىب ۋە خار بولغانلىقىدىن، دۇنيانىڭ بىۋاپالىقىغا بولغان شىكايەتلىرى، ماددىي، مەدەنىي، مەنىۋى بايلىقلىرىمىزنىڭ تامامەن يېمىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قايغۇ چېكىشلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئىشق - مۇھەببەت، سەۋر - ساداقەت ۋە چىن ئىنسانىي پەزىلەتلەر مەدھىيەلەنگەن. زەۋقىي ھەر جەھەتتىن يېتۈك، بەدىئىي جەھەتتە كامالىغا يەتكەن غەزەل، مۇخەممەسلەرنى ياراتقان ئىجادكار، شۇنداقلا كۈچلۈك ھەجۋ ۋە يۇمۇرلۇق

ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدىن كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئالغان سەنئەتكار. ئۇ مۇقىمىي ۋە مۇھيى، زارىي ۋە مۇھەييىر، نادىم ۋە پىسەندىلەر ئىقتىدارى ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھەجۋىيلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشتى. شائىر ئىجادىيىتىدىكى ئىككى شېئىرىي مەكتۇپمۇ ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتىغا قوشۇلغان ھەسسىلەردىن بىرى بولدى.

بۇ ئىككى شېئىر مەزمۇن ماھىيىتى بىلەن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك. شۇ دەۋر لىرىكىسىنىڭ تەتقىقاتچىلىرىدىن بىرى ب . مۆمىنوۋا شېئىرىي مەكتۇپ ھەققىدە توختىلىپ: «مەكتۇپ يازغان شائىرلار مەكتۇپ ژانىرى ئارقىلىق بىرىنچىدىن، ئۆز شەخسىي ھاياتلىرىنى، كەيپىياتلىرىنى، ھېس ـ تۇيغۇ ۋە كەچۈرمىشلىرىنى ئۆز دوستلىرىغا مەلۇم قىلسا؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان مۇھىتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە بۇ تۈزۈم تەرتىپلىرىگە بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى بىلدۈرۈپ، مەكتۇپقا ئىجتىمائىي مەزمۇننى سىڭدۈرۈۋەتكەن» دەيدۇ.

شۇنداق خۇسۇسىيەتلەر دەۋر ئىجادكارلىرى قاتارىدا شائىر لىرىكىسىغا خاس. فۇرقەتنىڭ ئەستىلىكلىرىدە يېزىلىشىچە، مۇقىمىي، مۇھيى، زەۋقىي، نىسبەت ۋە فۇرقەتلەر 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى بېشىدا بىر ـ بىرلىرى بىلەن ياخشى ئەدەبىي ئىجادىي مۇناسىۋەتلەردە بولغان، بىرلىكتە ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. شائىرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەدەبىي مىراسى ئىچىدە ئەنە شۇ ئىجادىي ھەمكارلىق نەتىجىلىرى بولغان بىر قاتار شېئىرلار مەۋجۇت. فۇرقەت 1889 ـ يىلىدا قوقەندىن كېتىپ قالغاندىن كېيىن زەۋقىينىڭ مۇقىمىي بىلەن بولغان ئىجادىي ھەمكارلىقى، ھەمپىكىرلىقى كۈچەيگەن. بىز كۆزدە تۇتقان ئېتىبارلىق تەرەپ شۇكى، زەۋقىي ئەدەبىي ھەمكارلىقتا بولغان شائىرلار بىلەن بىللە پات ـ پات مەكتۇپ ئارقىلىق ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ، شېئىرىي يول بىلەن ئەھۋاللىرىنى يەتكۈزۈشكەن. مەسىلەن، مۇقىمىينىڭ «جاۋابى سالامى مۇقىمىي بەفۇرقەتىي» (مۇقىمىينىڭ فۇرقەتكە جاۋابەن سالىمى) ناملىق مەكتۇپىدىكى زەۋقىي ئەسكە ئېلىنغان مىسرالارغا دىققىتىمىزنى قارىتايلى:

ئۆزلەرىن زەككى ئالىپ، خەت قىلمادىلار لائەقەل،
ئەمدى زەۋقىي يۇرماسىن دەپ خەلق ئارا ھۇشيارمەن.
نېچە كۆز تۇتتۇم دېمەس كۆڭۈل ئۇچۇنكىم: بارمۇسىز،
ھېچ نېمەرسە بولماسام ھەم كۆپ قەدىردان بارمەن.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مۇقىمىي ئۆزىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خېتىدە زەۋقىينى ئەسكە ئېلىپ، ئۇ توغرىسىدا مىسرالار يازغان ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا «كۆپ قەدىردان» ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇلار ئىككىسى لىرىك ۋە ھەجۋىيگوي شائىر سۈپىتىدە يېتۈك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان ئىجادكارلار بولۇپ، ئۇلار بىرلىكتە پەرغانە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قىشلاقلارغا سەپەر قىلغان ۋە بۇ سەپەرلىرىدىن ئالغان

تەسىراتلىرىنى «ساياھەتنامە» لىرىدە يېزىپ قالدۇرغان. زەۋقىي بىلەن مۇقىمىي بىر - بىرلىرىنىڭ غەزەللىرىگە تەخمىس باغلىغان، بەزى غەزەللىرىنى بىرلىكتە يازغان. يۇقىرىدىكى شېئىرىي مەكتۇپ ئارقىلىق، بىز زەۋقىي، مۇقىمىي، فۇرقەت قاتارلىق شائىرلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك بولغانلىقىغا گۇۋاھ بولىمىز.

زەۋقىينىڭ فۇرقەتكە يازغان شېئىرىي مەكتۇپىغا دىققىتىمىزنى قارىتايلى:

جانىمغا تاب سالدى سۆزى فىراق، فۇرقەت،
كەلكىم، خەراب قىلدى بۇ ئىشتىياق، فۇرقەت،
قاسىد ئەتۇر پەيامىم، ھەر يەردە تاپساڭ ئانى
زەۋقىينى تاقەتنى كۆپ قىلما تاق، فۇرقەت.

مەزكۇر شېئىرىي مەكتۇپ ئارۇزنىڭ مۇزارىئى مۇسەممەنى ئەخرەب، يەنى مەفئۇلۇ، فائىلاتۇن، مەفئۇلۇ، فائىلاتۇن (—– V ، – V —– ، —– V ، – V —–) ۋەزنىدە يېزىلغان. بىرىنچى مىسرادا شائىر زەۋقىي فۇرقەتنىڭ پىراقى، يەنى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇئامىلىنىڭ ئايرىلغانلىقى ئۇنىڭ جېنىغا ھارارەت سالغانلىقىنى، سېغىنىش قەلبىنى ئوت بولۇپ كۆيدۈرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ؛ ئىككىنچى مىسرادا، بۇ ئىشتىياق (فۇرقەت بىلەن ئۇچرىشىشقا بولغان قىزىقىش) ھالىنى خاراب قىلغانلىقىنى، 3 -، 4 - مىسرالاردا خەۋەر يەتكۈزگۈچىگە خىتاب قىلىپ، ھەر يەردە فۇرقەتنى ئۇچراتسا سالىمىنى يەتكۈزۈشنى، زەۋقىينىڭ سەۋر - تاقىتىنى تاق قىلماسلىقىنى سۆزلەيدۇ. زەۋقىينىڭ فۇرقەتكە يازغان شېئىرىي مەكتۇپى ئارقىلىق بىز بۇ مەرىپەتپەرۋەر شائىرلار ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم دوستلۇق، سەمىمىي ھەمكارلىقنىڭ ناھايىتى كەڭ راۋاجلانغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

تەقدىر تەقەززاسى بىلەن ئۆز دوستلىرى ۋە ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ كەتكەن فۇرقەتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە قوقەنلىك شائىرلارغا، جۈملىدىن مۇقىمىي، زەۋقىيلەرنىڭ مەكتۇپىغا جاۋاب يازغان، ئۇلاردىن ھال - ئەھۋال سوراپ تۇرغان.

«ۋەتەننىڭ ئىشتىياقىنى تارتىپ، غۇربەت غېمى بىلەن» ھېسابسىز ئازاب چېكىپ، ئۆز تەلىيىنىڭ يوقلۇقىدىن ئاغرىنىپ شىكايەت يازغانلىقىنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىي مەكتۇپىدىمۇ كۆرىمىز:

كەزدىم جەھاننى قىلماي شامۇ ئىراق، زەۋقىي،
بىر تاپمادىم سىنىكدەك ئەھلى ۋىفاق، زەۋقىي،
شەۋقى ۋىسالىڭ ئىلە ھەرگىز قەرارىم يوقدۇر،
كۆپ كېچەلەر كەچۈردۈم سەندىن يىراق، زەۋقىي.

مەزكۇر شېئىرىي مەكتۇپمۇ زەۋقىي پايدىلانغان ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇزارىئى مۇسەممەنى ئەخرەب ۋەزنىدە يارىتىلغان. ھەر ئىككى شېئىردا ئاپتورلارنىڭ بىر ـ بىرىنى دوستانە سېغىنىشى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇقىمىينىڭ فۇرقەتكە يازغان مەكتۇپىدا تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئۇچرىتىمىز:

ھەسبى ھال ئەيلەپ قىلىپدۇر خەت سوراپ ھەمان مۇقىم،
تا قىيامەت فۇرقەتىدىن ئەمدى مىننەتدارمەن.

دېمەك، مۇقىمىي ۋە زەۋقىينىڭ فۇرقەتكە مەكتۇپ يېزىشىغا دوستانە سېغىنىش، دوستانە مۇھەببەت سەۋەب بولغان. بۇ شائىرلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك ئىجادىي ھەمكارلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەكتۇپ ژانىرىدا ئۆزىنىڭ شەخسىي ئەھۋالىنى، روھىي كەيپىياتىنى، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى، دوستلىرىغا، ئانا ۋەتەنگە بولغان سەمىمىي مۇھەببىتىنى لىرىك روھتا يۈكسەك بەدىئىي مىسرالار بىلەن ئىپادىلەش زەۋقىينىڭ بىرگىچە يېتىپ كەلگەن ئىككىنچى شېئىرىي مەكتۇپىغا خاس خۇسۇسىيەتتۇر:

بىزلەرغە سىز يازىپسىز مەكتۇب، ئەيلەگەندە
تەسلىم ئىلە دۇئالار مەكتۇبلاردا ھەر بار.

ئىككىنچى مەكتۇپمۇ مۇزارىئى مۇسەممەنى ئەخرەب ۋەزنىدە يېزىلغان.

خۇلاسە قىلغاندا، قوقەندە بىر ئەدەبىي دەۋردە، بىر مۇھىتتا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىرلار، جۈملىدىن فۇرقەت، مۇقىمىي ۋە زەۋقىيلەر ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم ئىجادىي ئالاقە بولغان. بىر ـ بىرلىرىدىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىشقان، بىر ـ بىرلىرىگە كۆمەكلىشىشكەن. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتىكى ھەمكارلىق، ئورتاق غايىسىنى مانا شۇنداق ئەدەبىي ھەمكارلىقنىڭ سەمەرىسى دېيىش مۇمكىن. شائىرلار ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئەدەبىي ئالاقىلىرىنى ئۈزمەسلىك ئۈچۈن گەرچە فۇرقەت ۋەتەندىن ئايرىلغان بولسىمۇ، شېئىرىي مەكتۇبلار ئارقىلىق بىر ـ بىرىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقان.

دېمەك، بۇ دەۋر لىرىكىسىدا، بولۇپمۇ زەۋقىي ئىجادىيىتىدە مەكتۇپ ژانىرى مەرىپەتپەرۋەر شائىرلار ھاياتى ۋە ئىجادىنى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجادىي ھەمكارلىقنى ۋە ئۇلار ياشىغان شارائىتنى، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ تەرتىپ ـ قائىدىلىرىنى ئەكس ئەتكۈزگۈچى ھۆججەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

(ئاپتور ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەلىشىر نەۋائىي نامىدىكى تىل ـ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتى)



ئىسمائىل ياقىت (تۈركىيە)

# ئىبنى سىنانىڭ ياۋروپا پەلسەپىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى*

ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى: يۈسۈپجان ياسىن

شەرقلىقلەر «ئەش ـ شەيخور ـ رەئىس»، غەربلىكلەر «ئاۋىسېننا» دېگەن نام بىلەن تىلغا ئالىدىغان مەشھۇر ھېكىم ۋە پەيلاسوپ ئىبنى سىنانىڭ ئەدەبىياتتىكى تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئەلى ھۈسەيىن بىننى ئابدۇللاھ بىن سىنا. ئىبنى سىنا مىلادىيە 980 ـ يىلى بۇخارا ئەتراپىدىكى ئافشاندا دۇنياغا كەلگەن. 1037 ـ ھەمەداندا ۋاپات بولغان. بالىلىق چاغلىرىدىلا دىنىي ئىلىملەر بىلەن بىرلىكتە گىرامماتىكا، گېئومېتىرىيە، مەنتىقە، فىزىكا ۋە تېبابەت قاتارلىق ئەمەلىي پەنلەرنى ئۆگىنىپ، تېزلا داڭق چىقارغان. فارابىنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئارىستوتېل پەلسەپىسىدىكى تۈپ مەسىلىلەرنى يېشىپ، ئوتتۇرا ئەسىردە ھەم شەرقتە، ھەم غەربتە تونۇلغان ئەڭ مەشھۇر ھېكىم ۋە پەيلاسوپقا ئايلانغان.

ھاياتى ناھايىتى ئېغىرچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن ئىبنى سىنانىڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرى بار. ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كۇللىيات ھالىتىدە بوگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن. ماقالە شەكلىدىكى رىسالىلىرى بىلەن قوشقاندا ئەسەرلىرىنىڭ سانىنىڭ 250 ئەتراپىدا ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنسىمۇ، بۇلاردىن 130 پارچىغا يېقىن ئەسەرنىڭ ئۆزىگە ئائىت ئىكەنلىكى قوبۇل قىلىنماقتا.

ئىبنى سىنا ئانتىك پەلسەپە ئەنئەنىسىنى ئىسلام تەپەككۇرى ساھەسىگە ئېلىپ كىرگەن ۋە ئۆز غەيرىتىگە تايىنىپ ھەقىقىي بىر سىنتېز ياراتقان پەيلاسوپ. غەربلىكلەر ئىسلام دۇنياسىدىن تەرجىمە ئارقىلىق تونۇغان تۇنجى پەيلاسوپ ئىبنى سىنادۇر. ئەسكەرتىپ قويىدىغان بىر نۇقتا باركى، غەرب ئەڭ دەسلەپتە ئۇنىڭ ھېكىملىك سالاھىيىتىنى بىلدى، كېيىن ئۇنىڭ پەلسەپىسىنى ئۆگەندى.

## لاتىنچە تەرجىمىلەر ھەققىدە

غەرب دۇنياسىدا 12 ـ ۋە 13 ـ ئەسىرلەردە تولېدو ۋە سالېرنودا قۇرۇلغان تەرجىمە مەكتەپلىرى ئارقىلىق ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىندى. ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئوتتۇرا ئەسىر لاتىن ياۋروپاسىدا ئاشۇ ۋاقىتتا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇردى. بولۇپمۇ تولېدودا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرى كېيىنچە غەرب ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئاساسلىق دەرسلىك كىتابىغا ئايلىنىپ، ئۇزاق مەزگىل ئوقۇتۇلغان. لاتىنچىغا قىلىنغان ئىنچام تەرجىمىسى ئەدەبىيات ساھەسىدە جوھاننېس ھېسپالېنسىس ياكى ئىبنى داۋۇد دېگەن نام بىلەن ئۆچرايدىغان ئىسپانىيەلىك جون تەرىپىدىن ئىشلەندى. بۇ كىشى تولېدو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ روھانىي

* بۇ ماقالە 2005 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن «6 ـ قېتىملىق خەلقئارا تۈرك مەدەنىيەت يىغىنى»دا ئوقۇلغان.

باشلىقى رايموندنىڭ تەكلىپى بىلەن دومىنىكۇ گۇندىسسالىنۇس بىلەن بىرلىكتە ئاۋۋال ئىبنى سىنانىڭ «نەفەس» ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلدى. يەنە ئاشۇ كىشى «شىفا» نىڭ فىزىكا ۋە مېتافىزىكىغا ئائىت قىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى «ئوپېرا» (مەجمۇئە) دېگەن نام بىلەن نەشر قىلدى. بۇ ئەسەر ۋېنىتسىيەدە ئۇچ قېتىم (1500 ـ، 1508 ـ، 1945 ـ يىللىرى) بېسىلدى. ۋاتىيېر ئىبنى سىنانىڭ مەنتىقىگە ئائىت ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ، 1658 ـ يىلى پارىژدا ئېلان قىلدى. دومىنىكۇ گۇندىسسالىنۇس «نەجات» ناملىق ئەسىرىنىڭ مېتافىزىكىلىق قىسمى بىلەن «ھېكمەت ۋە تەبىئەتكە دائىر توققۇز رىسالە» نى، «ئاسمان ۋە كائىنات» ناملىق ئەسىرىنى، ئاخىرىدا «شىفا» نىمۇ تەرجىمە قىلىپ، بۇلارنى «sufficenentia» («تولۇق ئەسەر» دېگەن مەنىدە ـــ ت) دېگەن نامدا نەشر قىلدى.

سرېمونالىق كىراردمۇ ئىبنى سىنانىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى. بولۇپمۇ «ئەل ـ قانۇن فىت ـ تېب» ناملىق ئەسىرىنى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلدى. ئىبنى سىنانى ئەڭ مەشھۇر ھېكىملەر كاتېگورىيەسىگە يۈكسەلدۈرگەن بۇ ئەسەر نۇرغۇن تەرجىمانلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. 1593 ـ يىلى ئىتالىيەدە ئەرەب يېزىقىدا ئەسلي نۇسخىسىمۇ بېسىلدى. بۇ چاغدا ئوسمانلىلاردا تېخى مەتبەئە يوق ئىدى. «ئەل ـ قانۇن فىت ـ تېب» ناملىق بۇ ئەسەر مەتبەئە ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، «ئىنجىل» دىن قالسا ئەڭ كۆپ بېسىلغان كىتابقا ئايلاندى.

بۇنىڭدىن باشقا ئاندرېس ئالپاگۇس، فرانسىسكۇس د.ماكېراتا قاتارلىق تەرجىمانلارمۇ ئىبنى سىنانىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىبنى سىناغا ئائىت بولمىغان، ئەمما ئۇنىڭغا بېغىشلانغان بەزى گۇمانلىق ئەسەرلەرمۇ تەرجىمە قىلىندى. نەتىجىدە غەربتە ئىبنى سىنانىڭ ئۆز پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن ئالتىسىنىڭ تولۇق تەرجىمىسى، ئىككىسىنىڭ قىسمەن تەرجىمىسى مەيدانغا كەلدى. بۇ تەرجىمىلەرنىڭ تەخمىنەن 120 خىل قول يازما نۇسخىسى غەربنىڭ تۈرلۈك كۇتۇپخانىلىرىدا بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە.

### ئىبنى سىنانىڭ تەسىرىگە ئومۇمىي نەزەر

يۇقىرىدىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، لاتىنچىغا ئەڭ ئاۋۋال تەرجىمە قىلىنغان پەلسەپىۋى ئەسەر ئىبنى سىنانىڭ «مېتافىزىكا» دېگەن كىتابى ئىدى. بۇ كىتاب غەربكە «ئارىستوتېل مېتافىزىكىسى»دىن يېرىم ئەسىر بۇرۇن مەلۇم بولدى. ھەتتا «ئارىستوتېل مېتافىزىكىسى»نىڭ كېيىنكى ئىككى قىسمى بولسا، ئىبنى سىنانىڭ باشقا ئەسەرلىرىدىن ناھايىتى كېيىن («شىفا»نىڭ تەرجىمىسىدىن بىر ئەسەر كېيىن) غەربلىكلەرنىڭ قولىغا ئۇلاشتى. شۇ سەۋەبلىك غەربلىكلەر ئىبنى سىنا پەلسەپىسى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىسمى تىلغا ئېلىنىدىغان ئارىستوتېل، پلاتون ۋە باشقا گىرېك پەيلاسوپلىرىنى تونۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، غەربتە يېزىلغان بىرمۇنچە ئەسەرلەردە ئىبنى سىنانىڭ پىكىرلىرىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان نەقىللەر دەرھال كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مەسىلەن، ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسىگە قوشۇۋېتىلگەن ۋە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان «de Intelligentiis» دېگەن ئەسەر دېنىس، ست ئاگۇستىن، سكوت ۋە ئېرىگېن قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىللە ئىبنى سىنانىڭ ئەقلىنىڭ تۈرلىرى ھەققىدىكى شەرھلىرىگە ئورۇن بەردى. ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان نەقىللەر ھەققىدە گوئىچون م. فورېستىنىڭ كۆرسەتكەنلىرىگە ئاساسەن ست توماسنىڭ «De ente et essential» ناملىق ئەسىرىدە، «تېئولوگىيە تېزىسلىرى» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بۆلۈملىرىدىن باشقا تومىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ

ھەممىسىدە ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرىدىن جەمئىي 251 نەقىل ئالغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

ئىبنى سىنا ئارقىلىق غەربكە ئۆتكەن پەلسەپە ئالدى بىلەن خىرىستىيان تېئولوگىيەسى بىلەن توقۇنۇشتى. پوپلارنىڭ بىر قىسمى ئارىستوتېلنىڭ پىكىرلىرىنى يېرىم بۇتپەرەسلىك، ئىبنى سىنانىڭ پىكىرلىرىنى يېرىم كۇپپارلىق دەپ چۈشەندى. بۇنىڭغا مۇقابىل بەزىلىرى ئىبنى سىنا پەلسەپىسىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېتىش ئارزۇسىدا بولدى. گوئىچوننىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ كەيپىيات غەربتە ھەر ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك بىر ئويغىنىش ۋەزىيىتىنى ياراتقىنىدەك، يەنە تەتقىقات ساھەسىنى كېڭەيتىپ، ئۇقۇملارنى بېيىتىپ، مۇنازىرە سەۋىيەسىنى ناھايىتى يۇقىرى باسقۇچقا چىقارغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىبنى سىنانىڭ غەربكە كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈچ باسقۇچ بويىچە ئوتتۇرىغا چىقتى.

1 ـ باسقۇچ، تەرجىمە دەۋرىدىن باشلاپ ئۆۋېرگنلىق جوئىلېئوم قارشى چىققان ۋاقىتقا قەدەر بولغان مەزگىل. بۇ تەخمىنەن 1230 ـ يىلىغا قەدەر داۋام قىلدى.

2 ـ باسقۇچ، ئارىستوتېل تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان ۋاقىتتىن تارتىپ بۈيۈك ئالبېرت (ئالبېرت ماگنۇس ـــ ت)نىڭ توپلىمى بارلىققا كەلگۈچە بولغان مەزگىل. تەخمىنەن 1230 ـــ 1260 ـ يىللار ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ.

3 ـ باسقۇچ، ئىبنى سىنا سىت توماسنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەندىن كېيىنكى مەزگىل. بۇ تەخمىنەن 1250 ـ يىلدىن كېيىنكى باسقۇچ.

ئىبنى سىنانىڭ تەسىرى بۇ باسقۇچلار داۋامىدا قەدەممۇقەدەم ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ يېڭى پلاتونچى تەرىپى ئارقىلىق كۆرسەتكەن تەسىرى ئارىستوتېلچى تەرىپى ئارقىلىق كۆرسەتكەن تەسىرىدىن تېخىمۇ تەييار بىر ئاساسقا ئېرىشتى. ھەتتا ئۇنىڭ تەڭرى بىلەن ئالەمنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئارقىلىق ئارىستوتېلنىڭ قاراشلىرىنى تولۇقلىغانلىقىغا ئىشىنىلدى. پەرىشتىلەرنىڭ، ئاخىرەتنىڭ بارلىقىدىن ۋە روھنىڭ ئۆلۈمسىزلىكىدىن سۆز ئاچىدىغان قاراشلىرى ئىمان بىلەن ئەقىل ئارىسىدا كورېلاسيون ياراتقان بىر پەلسەپىۋى پۈتۈنلۈك دەپ قارىلىپ قىزىقىش قوزغىدى.

ئىبنى سىنانىڭ غەرب پەلسەپىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە ئىزدەنگەنلەر ئۇنىڭ تەسىرىگە كۆپىنچە «ئېپىستېمولوگىيە» (بىلىم نەزەرىيەسى)، «ئىگزىستېنس» (مەۋجۇتلۇق) ۋە «ئىندىۋىدۇئالىزم» (خاسلىق) دائىرىسىدە تۇرۇپ نەزەر تاشلىدى. ھەقىقەتەن، ئۇ پەلسەپىنىڭ بۇ تۈپ نەزەرىيەلىرىدە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. ئىبنى سىنا شەرقتە ۋە غەربتە بىر «مەۋجۇتلۇق پەيلاسوپى» سۈپىتىدە بىلىنىسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرى خۇسۇسىدا خرونولوگىيەلىك ھالدا ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدىغىنى بىلىم نەزەرىيەسى جەھەتتە كۆرسەتكەن تەسىرىدۇر. چۈنكى، ئىبنى سىنانىڭ يېڭى پلاتونچىلىقى بىلەن سىت ئاگۇستىننىڭ يېڭى پالتونچىلىقى بىرمۇنچە تەرەپتىن ئوخشايدۇ. بىراق، سىت ئاگۇستىن ئىلاھىيەتشۇناس بىر پەيلاسوپ بولغان بولسا، ئىبنى سىنا پەقەت بىر پەيلاسوپ ئىدى. ئۇ سىت ئاگۇستىنغا قارىغاندا، تېخىمۇ سىستېمىلىق ۋە تېخىمۇ ئاددىي بىر نەزەرىيەنى سۇنغانىدى. شۇڭا، ئۇنى سىت ئاگۇستىننىڭ تاكامۇللاشقان بىر شەكلى سۈپىتىدە كۆرىمىز. دەل مۇشۇ سەۋەبلەردىن ئىبنى سىنا سىت ئاگۇستىنچى بولغان فرانسىسكېن مەكتىپىدە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى.

خرونولوگىيەلىك جەھەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان، ئەمما تەسىرى نۇقتىسىدىن ئالدىنقىسىدىنمۇ قېلىشمايدىغىنى بولسا ئۇنىڭ «مەۋجۇتلۇق نەزەرىيەسى» جەھەتتە كۆرسەتكەن تەسىرىدۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ بۇ خۇسۇستىكى تەسىرلىرىنى ئۇزاق يىللار تەتقىق قىلغان ئاننا مارىيا گوئىچون: «ئىبنى سىنا مەۋجۇتلۇق نەزەرىيەسى بىلەن شۇنداق بىر تەسىر كۆرسەتتىكى، لاتىن سكولاستىكلىرى ئارىسىدا مۇشۇ تېمىدا ئۇنىڭدىن پايدىلانمىغان بىرمۇ مېتافىزىكچى يوق. بۇ نەزەرىيە

ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك داۋاملاشقان بىر تەتقىقات جەريانىنىڭ بىردىنبىر مەنبەسىگە ئايلاندى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىدىن بەزىلىرى ئۆلمەس ئەسەرگە ئايلاندى» دەيدۇ. ھەقىقەتەن بىرمۇبىر نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئىبنى سىنانىڭ مەيلى بىلىم نەزەرىيەسى جەھەتتە بولسۇن، مەيلى مەۋجۇتلۇق ۋە خۇسۇسلىشىش چۈشەنچىسى جەھەتتە بولسۇن، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلارنىڭ ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئەسىر پەيلاسوپلىرى بولۇش بىلەن بىرلىكتە يېڭى دەۋر (يېقىنقى زامان ـ ت) پەيلاسوپلىرىنىڭ بارلىقىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. ئىبنى سىنا ئارقىلىق غەربكە ئۆتكەن ئىسلام پەلسەپىسى غەربنىڭ روھىنى جانلاندۇردى ۋە ئۇلار ئۇچۇن گىرېك، شەرق ئىسلام چۈشەنچىلىرىنىڭ بىر كومپوزىسيونى سۈپىتىدە يېڭى بىر ھاياتلىق تىنىقىغا ئايلاندى.

## ئوتتۇرا ئەسىر پەيلاسوپلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

بۇ قىسىمدا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپلىرىغا ئورۇن بېرىمىز. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىبنى سىنانىڭ پىكىرلىرىگە قارشى چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. كۆپچىلىكى بولسا ئىبنى سىنانىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭدى.

دومىنىكۇ گۇندىسسالىنۇس — ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۇ مەشھۇر شەخس ئىبنى سىنانىڭ پىكىرلىرىدىن پايدىلىنىپ «نەفەس» دېگەن بىر كىتابنى يازغان. ئۇنىڭدا روھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ دەلىللىرى ھەققىدە ئىبنى سىنانىڭ دەلىللىرىنى قوللانغان ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلارنى تەرجىمە قىلىپ كۆرسەتكەن. ئىبنى سىنانىڭ مەشھۇر «ئۇچقان ئادەم» («ئەر رەجۇلۇت ـ تەير») دېگەن مېتافوراسىنى قوللانغان ۋە روھنىڭ مەنىۋى بىر جەۋھەر بولۇپ ئاراز① ئەمەسلىكىنى ۋە مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئىبنى سىنانىڭ پىكىرلىرىنى تەكرارلىدى. بۇ مېتافورا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ناھايىتى كۆپ ئاپتور تەرىپىدىن قوللىنىلدى. دومىنىكۇ گۇندىسسالىنۇس ئەينى دەۋردە «De processione Mundi» دېگەن ئەسىرىدە ئىبنى سىنانىڭ كوزمولوگىيەسىنى خىرىستىيان چۈشەنچىلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى.

ئوۋېرگنىلىق جوئىلېئوم — پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېئولوگىيە مۇئەللىمى بولغان. ئۇ 1228 ـ يىلى ئارىستوتېل ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قارشى ناھايىتى شىددەتلىك بىر ھەرىكەت قوزغىدى. ئارىستوتېلنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قارشى تۇرۇشتىكى قەستى ئىسلام پەيلاسوپلىرىغا، بولۇپمۇ فارابىي، ئىبنى سىنا ۋە غەززالىي قاتارلىقلارغا زەربە بېرىش ئىدى. ئۇ ئىبنى سىنا بىلەن بولغان كۆرۈشىنى مەۋجۇتلۇقنىڭ يارىتىلىشىدا ۋاستىچىنىڭ بولىدىغانلىقى، ئالەمنىڭ ئاسمانىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغانلىقى ۋە ئالەمنىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى قاتارلىق خۇسۇسلاردا ئېلىپ بېرىپ، ئىبنى سىنانىڭ كوزمولوگىيەسىنى رەت قىلدى. بولۇپمۇ ئىبنى سىنانىڭ تونجى سەۋەب، پائال ئەقىل نەزەرىيەسى بىلەن خۇسۇسىيلىشىش پىرىنسىپى سۈپىتىدە شەرھلىگەن ماددا نەزەرىيەسىگە قارشى چىقتى. ئۇنىڭ قارشىچە پائال ئەقىل روھنىڭ بىر قىسمى بولالمايتتى. مەلۇم بولغىنىدەك، ئىبنى سىنانىڭ بىلىم نەزەرىيەسىدە كەسپىي ئاتالغۇ بىلەن ئېيتقاندا، ئابستراكتلىق ۋە ئايدىڭلىق (ئېنىقلىق) تىن ئىبارەت ئىككى بۆلۈم بار. شۇ سەۋەبلىك، جوئىلېئوم قارشى چىققان خۇسۇس روھنىڭ پائال ئەقىل بىلەن يورۇتۇلۇشىدۇر. ئىبنى سىنانىڭ پىكىرلىرى خىرىستىيان تېئولوگىيەسىگە زىت كەلگەنلىكى

---

① ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولالمايدىغان ۋە مەۋجۇت بولۇش ئۈچۈن باشقا بىر ئاساسقا موھتاج بولغان نەرسە ياكى ئاسادىپىيلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسە — ت.

ئوچۇن ئۇۋېرگنلىق جوئىلىيئوم ئۇنىڭغا قارشى چىققان. شۇنداقتىمۇ ئۇ بىرمۇنچە تېمىلاردا ئىبنى سىنانىڭ پىكىرلىرىگە قوشۇلدى. ئەسەرلىرىدە 40 يەردە ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى. ئىبنى سىنانىڭ زات (ئۆز، ماھىيەت، ئېلمېنت، تادۇ ــ ت) بىلەن ۋۇجۇدنىڭ پەرقى، پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى، روھنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكى ۋە ئېنىقلىمىلار ھەققىدىكى پىكىر ۋە مىساللىرىنى ئەينەن تەتبىقلىدى.

ھالېسلىق ئالېكساندىر ــ پائال ئەقىل تېمىسىدا ئىبنى سىناغا قارشى چىقتى، زات بىلەن ۋۇجۇدنىڭ پەرقى تېمىسىدا ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى. لېكىن، ئۇ تۈيغۇلارنىڭ رولى ھەققىدە ئىبنى سىنانىڭ پىكرىنى ئەينەن قوبۇل قىلدى. ئالېكساندىر 1170 ــ 1180 ـ يىللاردا پارىژغا كەلگەن بولۇپ، بۇ چاغدا گرېگوئىرې توققۇزىنچىنىڭ قارارى بىلەن ئارىستوتېل ۋە ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى چەكلىمە بىكار قىلىنغانىدى. ئۇ فرانسىسكېن مەكتىپىگە تېئولوگىيە مۇئەللىمى بولۇپ كىردى. «Summa Universae theologlae» ناملىق بىر ئەسەر يازدى. ئۇ ئابستىراكتلىق مەسىلىسىدە، بولۇپمۇ تۈيغۇلارنىڭ رولى ۋە تۈيغۇ شەكىللىرىنىڭ ئابستىراكتلىقى ھەققىدە ئىبنى سىنانىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. ئىبنى سىنا تەرىپىدىن بايقالغان ۋەھىمە سېزىش ئىقتىدارىنى «ئېستىمەيت» (مۆلچەرلەش، تەخمىن قىلىش دېگەن مەنىدە ــ ت) دېگەن نام بىلەن ئاتىدى.

جون دېلا روچېل ــ پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ھالېسلىق ئالېكساندىرنىڭ ئورنىغا چىققان جون دېلا روچېل زات بىلەن ۋۇجۇدنىڭ پەرقى تېمىسىدا ئىبنى سىنانىڭ پىكرىگە ئانچە قوشۇلمىدى. جون بۇ پەرقنى ماددا بىلەن شەكىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقكە ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. لېكىن، ئىبنى سىنانىڭ «ئورتاق تۈيغۇ» ئۇقۇمىنى قوبۇل قىلدى، ھەتتا بۇنى ج. داماسسېن بىلەن ست ئاگۇستىنىڭ تەبىئىي ئىقتىدار ھەققىدىكى قاراشلىرى بىلەن بىر خىل دەپ قارىدى. جون دېلا روچېل ئەقىلنىڭ رولى ھەققىدە ئىبنى سىنا ئوتتۇرىغا قويغان مەلۇماتنى ھەتتا كەلتۈرگەن مىساللىرى بىلەن قوشۇپ نەقىل ئالدى. ئىبنى سىنانىڭ ئەقىلنىڭ تەسنىفى ھەققىدىكى قاراشلىرى تامامەن ئۇنىڭ ئەسىرىدە بار.

ئائۇكسېرلىق جوئىلېئوم ــ 1145 ــ 1241 ـ يىللاردا ياشىغان پاپا گرېگورىئې توققۇزىنچى 1231 ـ يىلى ئارىستوتېل ۋە مۇسۇلمان شەرھچىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشنى چەكلىدى. پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى پاپانىڭ قويغان چەكلىمىسى سەۋەبىدىن ئائۇكسېرلىق جوئىلېئومنى رىمغا ئەۋەتتى. ئارىستوتېل ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈلدى. ئائۇكسېرلىق جوئىلېئوم ئىبنى سىنانىڭ پائال ئەقىل ۋە سۇدۇر تەلىماتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى.

روبېرت گروسسېت (1170 ــ 1253) ـ ست ئاگۇستىنچى بىر ئەنئەنىگە باغلىنىپ قالغان بولسىمۇ، زات بىلەن ۋۇجۇدنىڭ پەرقى ھەققىدە ئىبنى سىنانىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. ست ئاگۇستىنچە ئەنئەنە مۇرەككەپ بىر قۇرۇلمىغا ئىگە پەلسەپىۋى ئېقىم ئىدى. ئىبنى سىنانىڭ تەسىرى مەسىلىسىدە بۇ ئېقىم ئىككى گۇرۇھقا ئايرىلدى. بىر تەرەپتە ئاۋېرگنلىق جوئىلېئوم، روبېرت گروسسېت، يەنە بىر تەرەپتە ھالېسلىق ئالېكساندىر، جون دېلا روچېل ۋە ست بۇناۋېنچېر قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى.

روگېر مارىستون ــ فرانسىسكېن مەكتىپىگە مەنسۇپ ئىدى. پائال ئەقىل تېمىسىدا ئۇمۇ ئىبنى سىنادىن ئىلھام ئالدى. ئىبنى سىنانىڭ شەرھلىرىدىن پايدىلىنىپ ئارىستوتېل بىلەن ست ئاگۇستىنىڭ پىكرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشتى.

ست بۇناۋېنچېر (1221 ــ 1274) ــ پائال ئەقىل ۋە ئىرادە ئەركىنلىكى مەسىلىسىدە ئىبنى سىنانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ «ئۇچقان ئادەم» دېگەن ئۆرنەكنى قوللىنىپ روھنىڭ تەپەككۇر قىلىدىغان بىر جەۋھەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ست بۇناۋېنچېر روھ بىۋاستە پائال ئەقىلگە

ئىگە دېگەن قاراشنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ تەڭرىنىڭ ھەر مەۋجۇداتتا ئۆز ھەرىكىتىگە ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدىغان ئىقتىدار بەرگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، ئىبنى سىنانىڭ پىكىرلىرىنى تەكرارلىدى.

ئېكخارد (1260 ــ 1327) ــ ئىبنى سىنانىڭ مەۋجۇتلۇق نەزەرىيەسىنىڭ غەربتە كۈچلۈك نوپۇزغا ئىگە ئىكەنلىكى 14-ئەسىردە كۆلىندە «ھېكمەت كىتابى» ھەققىدە شەرھ يازغان ئېكخاردنىڭ ئەسىرىدە تېخىمۇ ئېنىق شەكىلدە كۆرۈلدى. ئۇ زات بىلەن ۋۇجۇدنىڭ ھەربىر نەرسىدىكى پەرقىغە ئائىت قاراشنى قوللاندى.

دانس سكوت (1270 ــ 1308) ــ مەۋجۇتلۇق تېمىسىدا ئىبنى سىنانىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى. ھېنرى دې گانتمۇ دانس سكوت بىلەن ئوخشاش يولدا ماڭدى.

ۋايتېل دې فور (1327 ـ ئالەمدىن ئۆتكەن) ــ مەۋجۇتلۇق نەزەرىيەسى ھەققىدە ئىبنى سىنانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى بارلىق مۇھىم ھۆكۈملەر ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىندى. ئۇ ئايرىم بىر پائال ئەقىل تېمىسىدا ئىبنى سىنادىن ئىلھام ئالدى.

ست ئانسېلمۇس (1033 ــ 1109) ــ ئانتولوگىيەلىك دەلىلىنىڭ مەشھۇر ئىجادچىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان ست ئانسېلمۇسنىڭ دەلىللىرىنىڭ مەنبەسى ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرىدە بار.

ئىسپانىيەلىك پېتېر (1220 ــ 1277) ــ پاپا بولۇشتىن بۇرۇن يازغان «anima libre de» دېگەن كىتابىدا ئىبنى سىنانىڭ پائال ئەقىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئېنىقلىمىلىرىنى قوللاندى. ئۇ غەربتە مىستىك ئىلمىدە پەلسەپىنى قوللانغان كىشى ئىدى.

مارسىل فايسىن (1433 ــ 1499) ــ ئىبنى سىنانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ ئىبنى سىنانىڭ پائال ئەقىل نەزەرىيەسى بىلەن ست ئاگۇستىننىڭ «ئايدىڭلاشتۇرغۇچى تەڭرى» چۈشەنچىسىنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇردى.

روگېر باكون (1214 ــ 1294) ــ دوكتور مىرابىلىس («مۆجىزىلىك ئۇستاز» دېگەن مەنىدە ــ ت) دېگەن لەقەم بىلەن تونۇلغان ر. باكون «opus majus» ناملىق ئەسىرىدە ئىبنى سىنانىڭ «پەۋقۇلئاددە نەرسىلەرنى ۋە ئوچۇق بىر ھەقىقەتنى يازغانلىقى» نى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ ئارىستوتېلنى فارابىي بىلەن ئىبنى سىنانىڭ ئەسىرىگە ئاساسەن چۈشەندۈردى. باكوننىڭ قارىشىچە، ئىبنى سىنانىڭ بۈيۈكلۈكى روھنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقى، جەسەتلەرنىڭ ئاخىرەتتە بىر يەرگە توپلىنىدىغانلىقى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقى قاتارلىق ھەقىقەتلەر ئارقىلىق ھەر كىشىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغانلىقىدۇر. روگېر باكون بىلىمنىڭ يەر يۈزىگە تۆت قېتىم چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىلىم ئىككى قېتىم ئىبرانىي تىلىدا تولۇق چۈشۈرۈلگەن، بۇنىڭ بىرى پاترىكلەر ۋە پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق، يەنە بىرى بۈيۈك ھېكىم سۇلەيمان ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن، ئىككى قېتىم تولۇق بولمىغان ھالدا چۈشۈرۈلگەن، بۇنىڭ بىرى يۇنان تىلىدا ئارىستوتېل ئارقىلىق، يەنە بىرى ئەرەب تىلىدا ئىبنى سىنا ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن. بۇ خىل ئىپادىلەرنى قوللانغان باكون يەنىلا ست ئاگۇستىنچى ئەنئەنە ئىچىدە قالغان.

ئالبېرت لې گراند ياكى بۈيۈك ئالبېرت (1193 ــ 1280) ــ ئىبنى سىنانىڭ ئەڭ كۆپ تەسىرىگە ئۇچرىغان پەيلاسوپ. ئىبنى سىنانىڭ «نەفس»تە بىلگۈچى ۋە ياراتقۇچى كۈچلەرنىڭ بىر يەرگە كېلىشى بىلەن ئەقىلنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ھەققىدە سۆزلىگەنلىرى بۈيۈك ئالبېرتنىڭ ئەسىرىدىمۇ چېلىقىدۇ. بۇ ئۇقۇملارغا ئۇ: «intellectus operatives»، «intellectus specukatves» دېگەن ناملارنى بەرگەن. ئۇنىڭ چۈشەنچە بىلەن ھادىسىنىڭ پەرقى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئىبنى سىنانىڭكىگە ئەينەن ئوخشايدۇ. ئالبېرت «summa de creatures» دېگەن ئەسىرىدە ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئەزەلىيلىكى

ھەققىدە ئارىستوتېلنىڭ پىكىرلىرىگە تايانغان بولسا، كېيىن ھادىسىلەر ھەققىدە ئىبنى سىنانىڭ پىكىرلىرىگە تاياندى. ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ بارلىقى ھەققىدىمۇ ئىبنى سىنا بىلەن بىر پىكىردە بولدى. ئۇ پەرىشتىنىڭ ئۆزلۈكى دەل ئۇنىڭ تەبىئىتىدۇر، بۇ تەبىئەت ئارقىلىق تەركىبكە كىرگىنى دەل مەۋجۇتلۇقىدۇر. شۇ ئارقىلىق ئۇ بىر پۈتۈنلۈك ۋە بىر خاسلىق يارىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئالبېرت گراندنىڭ مەۋجۇتلۇق نەزەرىيەسى ھەققىدە ماڭغان يولى ئىبنى سىناچە بىر يول ئىدى.

ست توماس ئاكۋىن (1227 — 1274) — ئاكۋىنلىق مۇقەددەس توماس دېگەن نام بىلەن تونۇلغان توماس ئاكۋىن ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسىنىڭ ئەڭ بۈيۈك پەيلاسوپلىرىدىن بىرى. دومىنىكېن مەكتىپىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ ئالبېرت لې گراندنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ئۇ ھەم ئىبنى سىنانى تەنقىد قىلغان ھەم ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئەڭ كۆپ نەقىل ئېلىش ئارقىلىق ئۆز چۈشەنچىسىنىڭ ئاساسلىرىنى تىكلىگەن پەيلاسوپ. ست توماسنىڭ «كاپىرلارغا قارشى» ۋە «تېئولوگىيە تېزىسلىرى» دېگەن ئەسەرلىرىدە لاتىنچە شەكىل بىلەن تىلغا ئالغان ھەقىقەت ئۇقۇمى ئىبنى سىنانىڭ ئۇقۇمى ئىدى. ئىبنى سىنا ھەقىقەتنىڭ زېھىندە ئەمەس، پەقەت نەرسىدە بولىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، «ھەر نەرسىنىڭ ھەقىقىتى ئۆزىگە ئۇيغۇن بولغان مەۋجۇتلۇقىدۇر» دېگەنىدى. ست توماس ھەقىقەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر كۆللىيلىك (ئۇنىۋېرساللىق) تېمىسىدا ئىبنى سىنا بىلەن تامامەن ئوخشاش پىكىردە بولدى. چۈنكى، نەرسىدىكى مەۋجۇت شەكىل زېھنىي ھەرىكەت ۋاسىتىسى بىلەن ئۇنىڭدىن ييراقلىشىدۇ ۋە قايتا بىر قېتىم زېھىندە مەۋجۇت بولغاندا زېھىن ئۇنىڭغا كۆللىيلىك ئاتا قىلىدۇ. ست توماس ئىبنى سىناغا ئوخشاش مەۋجۇتلۇق بىلەن جەۋھەر ئوتتۇرىسىدا مەنتىقلىق ئەمەس، ھەقىقىي بىر پەرق بار دەپ قارايدۇ، مەلەكلەرنىڭ روھىي (دىنىي) ۋە نۇرانىي (نۇر بىلەن مۇناسىۋەتلىك — ت) مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى ۋە ماددىدىن ئايرىم تۇرىدىغان بىر قۇرۇلمىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ قىيامەت، روھلارنىڭ توپلىنىشى، روھ بىلەن بەدەننىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئىبنى سىناغا يېقىنلاشتى. ئىبنى رۇشد «Contra Averroist» دېگەن ئەسىرىدىكى تەنقىدلىرىدە ئىبنى سىنانىمۇ تەنقىدلىدى. ئۇ «De Potentia» دېگەن ئەسىرىدە ئىبنى سىنانىڭ ئالەمنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدىكى قارىشىنى رەت قىلدى.

ست توماس زات بىلەن ۋۇجۇد ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھەربىر مەۋجۇداتتا بولۇشى مۇمكىن بولغان، ئامما زۆرۈرىيىتى بولمىغان زات پىكرىنى ئانالىز قىلىشتا ئىبنى سىنادىن پايدىلاندى. ست توماس تەڭرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئائىت دەلىلنى مېتافىزىكىغا مەنسۇپ قىلىش خۇسۇسىدا ئىبنى سىنا بىلەن بىر خىل پىكىردە بولدى.

كاردىنېل سېجتېن — 1493 -، 1494 - يىللاردا پادۇئا ئاكادېمىيەسىدە ست توماسنىڭ «De Ente it Essentia» دېگەن ئەسىرىنى شەرھلىگەندە دائىم ئىبنى سىنانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان.

جېئۇن دې ست توماس — (1630 — 1643) - يىللاردا ئالكالا ۋە مادرىددە دەرس ئۆتكەندە، پات - پات ئىبنى سىنادىن سۆز ئاچقان. بۇ دەرسلىك 1637 - يىلدىن ئېتىبارەن مادرىد، كۆلن، رىم ۋە لىيوندا نەشر قىلىندى. 19 - ئەسىردە پارىژدا يېڭىدىن بېسىلدى. 1930 - يىلدىن ئېتىبارەن «تومىستىك پەلسەپە دەرسلىرى» دېگەن نام بىلەن تۇرىندا نەشر قىلىنىپ كەلدى.

## يېڭى دەۋر (يېقىنقى زامان) پەيلاسوپلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

ئىبنى سىنا يالغۇز ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ پەيلاسوپلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى يەنە رۆنېسانىس (ئويغىنىش) دەۋرى بىلەن 18 - ئەسىردىكى پەيلاسوپلارنىڭمۇ كۆپچىلىكىگە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ خۇسۇسنى ئوردېناريۇس، پىروفېسسور ئىزمىرلىق ئىسمائىل ھەققىمۇ بىلدۈردى.

17 ـ ئەسىردە بايقالغانلىقى سۆزلىنىدىغان سۇ ۋە ھاۋانىڭ بېسىم كۈچى ھادىسىسىنى يەتتە ئەسىر بۇرۇن ئىبنى سىنا «نەجات» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى. ئۇ ھاۋانىڭ بېسىم كۈچى ھەققىدىكى تېمىنى ئىتالىيان فىزىكىچىسى تورچېللى (1608 ــ 1647)دىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويىدى. فىرانسۇز مۇتەپەككۇرى مارىئوت (1620 ــ 1680) بولسا 1678 ـ يىلى ھاۋانىڭ بېسىم كۈچى قانۇنىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنىڭدەك تەن بىلەن روھنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى ھەققىدە بۈگۈنكى كۈندە غەرب چۈشەنچىسىدە ئورۇن ئالغان بەزى قاراش ۋە شەرھلەرنى ئىبنى سىنانىڭ ئەسىرىدە ئۇچرىتىمىز.

رېنې دېسكارتېس (1596 ــ 1650) ــ ئىبنى سىنانىڭ روھنىڭ بىر جەۋھەر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئارقىلىق دېسكارتېسقا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى لۆۋېنتېل، فۇرلانى ۋە گوئىچون تەرىپىدىن تىلغا ئېلىندى. «ئويلىنىۋاتىمەن، ئۇنداقتا مەن بار» دېگەن ئىپادىلىرى ئىبنى سىنانىڭ «ئۇچقان ئادەم» دېگەن مېتافوراسىغا شۇنداق يېقىن كېلىدۇ. دېمەك، دېسكارتېسنىڭ ئۇنى بىلمىدىغانلىقى زور ئېھتىماللىققا ئىگە. دېسكارتېسنىڭ «تۇغما تەسەۋۋۇر»، «زېھىن ئىجاد قىلغان سۈنئىي تەسەۋۋۇر»، «ئېرىشىلگەن تەسەۋۋۇر» دېگەن قاراشلىرى ئىبنى سىنانىڭ تەسەۋۋۇرنى تۈيغۇدىن كەلگەن، خىيال كۈچىدىن تۇغۇلغان ۋە تەجرىبىدىن ھاسىل بولغان دېگەن قاراشلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

لېيبنىز (1646 ــ 1716) ــ پەنلەرنى تۈرگە ئايرىش، ئىلىم تەھلىلى ۋە دىنامىستىك ئالەم چۈشەنچىسىدە ئىبنى سىنا لېيبنىز ئۈچۈن يول باشلىغۇچىدۇر. ئىبنى سىنانىڭ قارىشىچە ھەرىكەت جىسمانىي بىر كۈچنىڭ تەدرىجىي ھالدا چۈشەنچىدىن ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشىدۇر. بۇ ئۇقۇم لېيبنىزنىڭ «ئىنرچىللىق» قارىشى بىلەن ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مەۋجۇتلۇقنىڭ ئويلىنىش نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان ئىبنى سىنا مۇشۇ قارىشى بىلەن بىلىمنىڭ ئويلىنىش ئارقىلىق ئاڭ ھالىتىدە مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان لېيبنىزغا يول باشلىغۇچى بولدى. ئەينى شەكىلدە لېيبنىزنىڭ ئوپتىمىزمى (ئۈمىدۋارلىق قارىشى ــ ت ) ئىبنى سىنانىڭ مەۋجۇتلۇقتا ياخشىلىقنىڭ ئاساس، يامانلىقنىڭ ۋاقىتلىق بولىدىغانلىقىنى مىساللار ئارقىلىق كۆرسەتكەن ئوپتىمىستىك قارىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۇقۇملىرىنىڭ تارماقلىرى بىلەن «ئەزەلىي ئىنايەت» تېمىسىدا لېيبنىز ئىبنى سىنانىڭ قاراشلىرىنى تەكرارلىدى. ئىبنى سىنا بىلىم نەزەرىيەسىدە تۈيغۇ بىلەن تەجرىبىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنىدى. بۇ خۇسۇس ئەينى ۋاقىتتا لېيبنىزنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ كۆرۈلدى.

ئىممانۇئېل كانت (1724 ــ 1804) ــ ئىبنى سىنانىڭ بىلىم نەزەرىيەسىدىكى تۈيغۇ بىلەن تەجرىبىنىڭ ئەھمىيىتى يەنە كانتنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ كۆرۈلدى. ئىبنى سىنانىڭ ئەمەلىي ۋە نەزەرىيەۋى ئەقىل تەسنىفى كانتنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئەينەن شەكىلدە بار. كانت ئەڭ يۈكسەك ئۇقۇم بولغان «تەڭرى» بىلەن «روھ»قا ئەمەلىي ئەقىل ئارقىلىق ئۇلاشقىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى، ئىبنى سىنا بولسا نەزەرىيەۋى ئەقىلنىڭ يۈكسەك دەرىجىسى بولغان «مۇقەددەسلىك» مەرتىۋىسى بىلەن ئۇلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كانتنىڭ «noemenon » بىلەن « fenomenon» ئۇقۇملىرى ئىبنى سىنانىڭ «ھەقايىقۇل ـ ئەشيا» بىلەن «زەۋارىھۇل ـ ئەشيا» ئۇقۇملىرىنىڭ لاتىنچە ئىپادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بېركېلېي (1685 ــ 1753) ــ ئىبنى سىنانىڭ «ئاللا زاتىنى بىلىدۇ، زاتىنى بىلىشى ھاياتنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇنىڭدا بىلگەن ۋە بىلىنگەن نەرسە بىر خىلدۇر» دېگەن پىكرى بېركېلېينىڭ «ھايات ئىدراك قىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر» دېگەن سۆز بىلەن خۇلاسىلىگەن ئىدېئالىزمىغا يول ئاچقانىدى.

جون لوك (1632 ــ 1704) ــ تەبىئىي جىسىملارنىڭ ئۆز زاتى بىلەن مەۋجۇت بولىدىغانلىقى ۋە تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان ئىبنى سىنا ئەسلىدە جون لوكنىڭ جىسىمنىڭ بىرىنچى ۋە

ئىككىنچى خىل خۇسۇسىيتى ھەققىدىكى قارىشىغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدىغان جىسمىغا خاس بىر خىل خۇسۇسىيەتنى نەزەردە تۇتقانىدى.

ھېنرى بېرگسون (1859 — 1941) — ئىبنى سىنانىڭ پسىخىكىلىق دۇنيا بىلەن بىيولوگىيەلىك دۇنيا ئوتتۇرىسىدا ئېنىق بىر چەك بېكىتمىگەنلىكى بېرگسون بىلەن ئوخشاش بىر نۇقتىدا ئىكەنلىكىنى ئەسكە سالىدۇ. بولۇپمۇ بېرگسوننىڭ intuition چۈشەنچىسى، ماكس شېلىلىر (1874 — 1929)نىڭ sympathie چۈشەنچىسىدە نەزەردە تۇتقانلىرى ئىبنى سىنانىڭ بىلىمىنىڭ پەقەت تېما بىلەن شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئارزۇ بىلەن شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى قوشۇلۇش ۋە سۆيگۈدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قارىشىنى ئەسلىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا 19 - ئەسىردىكى داڭلىق مەنتىقشۇناس خامىلتونغا ئىبنى سىنانىڭ يۈكلەمىنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدىكى قاراشلىرى تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ بۇ تېمىدا ئىبنى سىنانىڭ پىكرىنى تەقلىد قىلدى.

خۇلاسە

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئىبنى سىنا قاتارلىق ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىنىڭ پىكىرلىرى لاتىنلار تەرىپىدىن ئۆگىنىلگەندە غەرب دۇنياسىدا يېڭى بىر پىكىر ھەرىكىتى باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپادا ئەمەلىي - تەجرىبىۋى بىلىملەر ئوقۇتۇلىدىغان پارىژ (سوربون) ۋە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتلىرى قۇرۇلدى. بۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە رونېسانس ھەرىكىتى باشلاندى. ئىبنى سىنانىڭ غەربكە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ كۆلىمى ھەققىدە يەنە غەربلىك تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن بىلدۈرۈلگەن خۇسۇسلارنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىش يېتەرلىك. ئاننا مارىيا گوئىچون مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى ئەسىر داۋامىدا بارلىق پەيلاسوپلىرىمىز مەيلى ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالسۇن، ياكى ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنسۇن، ھامان ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرىنى تويلاشقا تىرىشتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خېلىلا چوڭقۇر، ئەمما ناھايىتى ئومۇمىي بىر تەسىر مەيدانغا كەلدى. بەزىدە ئۆتكۈنچى، بەزىدە ئىزچىللىققا ئىگە بولغان بۇ نەتىجىلەرنىڭ بەزىلىرى ھالا بۈگۈنكى كۈندىمۇ جانلىق ھالەتتە تۇرماقتا... ئىبنى سىنانىڭ تەسىرى شۇ قەدەر كەڭ ۋە چوڭقۇر بىر تەسىر ئىدىكى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇتەپەككۇرلىرىمىزدىن ھەرقانداق بىرى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىلسا، ئۇنىڭ ئىبنى سىنا پەلسەپىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەتقىق قىلىنماي قالمايدۇ. ھەتتا بۇ تەتقىقاتلار قانچە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلسا، ئىبنى سىنانىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئاسانلا مۇراجىئەت قىلىدىغان بىر مەنبەسىلا ئەمەس، بەلكى يەنە پىكىر ساھەسىدىكى ئۇستازلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىمۇ شۇنچە ئېنىق كۆرۈلىدۇ. ئىبنى سىنا ئىست ئاگۇستىن، ئارىستوتېل، بوئېس (480 — 525) ۋە ست جېئۇن داماسېنىدىن كېيىن غەربلىكلەر چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن قارىغان، ناھايىتى يۈكسەك نوپۇزغا ئىگە بىرقانچە كىشىنىڭ بىرى ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇ مۇنازىرە قىلىنىدى ۋە بەزىلىرى تەرىپىدىن رەت قىلىندى، ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى شۇنداق چوڭقۇر بولدىكى ئەگەر غەرب ئۇنى بىلمىگەن بولسا، غەرب تەپەككۇرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھېچ بىرنەرسە بەلگىلىيەلمەيتتى».

دې لاك ئولېر ئىبنى سىنا قاتارلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئۆتكەن ئاتنىك پەلسەپەنىڭ ياۋروپادا قانداق بىر يۈزلىنىشنى پەيدا قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «...شۇنداق قىلىپ ھېلىنېستىك مەدەنىيەت ئىسپانىيەدىكى غەربىي ئىسلام جەمئىيىتىگە كۆچتى، بۇ يەردە خۇسۇسىي بىر تەرەققىياتنى نامايان قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ھالدا

خىرىستىيان ۋە يەھۇدىي چۈشەنچىسىگە تەسىر كۆرسەتتى. ناھايەت شەرقىي شىمالىي ئىتالىيەدە چېركاۋغا قارشى بىر چۈشەنچە بىلەن ئەڭ ئاخىرقى تەرەققىياتىغا ئېرىشىپ رونېسانىسقا يول ئاچتى» دەيدۇ. غەرب چۈشەنچىسىگە قالدۇرغان تەسىرلەر خۇسۇسىدا فىلىپ ك ھىتتى شۇلارنى تىلغا ئالىدۇ: «كۆپىنچە پەلسەپىۋى پىكىرلەر ھالىتىدە غەربىي ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن بۇ ئېقىم ۋە قالدۇرۇلغان تەسىرلەر قاراڭغۇ دەۋر دېيىلىدىغان بىر دەۋرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر خىرىستىيان سىكولاستىكىنىڭ سەھەر ۋاقتىغا ئايلاندى... بۇنىڭ سەمەرىلىك نەتىجىلىرىنى ھالا بۈگۈنكى كۈندىمۇ غەرب دۇنياسىغا تولىماقتا».

## مەنبەلەر


Brehier, Emile, Histoire de la philosophie( 1–3), Paris, 1931–1932

Carra de Vaux, Avicenne, Paris, 1909.

Corbin, Henri, Histoire de la philosophie Islamique, Paris, 1964.

Gilson, Etienne, La philosophie Au Moyen age, Paris, 1947.

Goichon, A–M, La Distinction de l' Essence et de l' existence d' Apres Ibn Sina, Paris, 1937.

Goichon, A–M, La philosophie d' Avicenne et son influence en Europe Medievale, 2, baski, Paris, 1951, Cev. ismail Yakit, " Ibn Sina felsefesi ve Ortacag Avrupasindaki etkileri ", Otü ken Nesriyat, 3. baski, Istanbul, 2000.

Hitti, Philip K, Siyasi ve Kü ltü rel Islam tarihi, Cev, S.Tus, 1980.

ibn Sina, Kitabu' n– Necat, Kahire, 1938.

Ibn Sina, Tis' u Resail fi' l Hikmet ve' t Tabiiyyat, Kahire, 1908.

Izmirli, Ismail Hakki, Islam mü tefekkirleriyle Garp mü tefekkirleri arasinda mukayese, Ankara, 1964.

Karliga Bekir, Ibn Sina felsefesinin Bati felsefesine etkileri, Uluslararasi Ibn Sina sempozyumu (17–20 agustos 1983) bildirileri, Basbakanlik basimevi, Ankara, 1984.

Karliga Bekir, Islam Dü sü ncesinin Bati dü sü ncesine etkileri, Litera yayincilik, Istanbul, 2004.

O' leary, De Lecy, Islam dü sü ncesi ve tarihteki yeri, cev. H. Yurdaydin, Y. Kutluay, A. ü . Ilahiyat fakultesi yayinlari, Ankara, 1971.

ü lken, H. Z, Islam Felsefesi, kaynaklari ve tesirleri, Tü rkiye is bankasi Kü ltü r yayinlari, Ankara, 1967.

ü lken, H. Z, Uyanis devirlerinde tercü menin rolü , Istanbul, 1935.

Yakit, Ismail, Ibn Sina' da Insan rohunun evrimi ve modern biyolojik dü sü nceye katkisi, uluslar arasi Ibn Sina sempozyumu(17–20 agustos 1983) bildirileri, Basbakanlik basimevi, Ankara, 1984


(ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# مۇقەببەل تاش ئاتار



(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بۇخارا شەھىرىدە بىر زالىم پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ بىر چىرايلىق قىزى بولۇپ، ئىسمى مېھرىنىگار ئىكەن. ئۇنىڭ نۇرلۇق چىرايى ئاينى خىرە قىلىدىكەن.

مېھرىنىگار چىرايلىق، بەردەم ۋە غەيرەتلىك قىز ئىكەن. يۈزىگە نىقاب تارتىپ، خۇددى يىگىتلەردەك يېنىغا قىلىچ - قالقان ئېسىپ، كۆپ ۋاقتىنى ئوۋدا ئۆتكۈزىدىكەن.

مېھرىنىگار بىر كۈنى سەككىز يۈز يىگىت بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. ماڭا - ماڭا بىر تاغقا يېتىپ كەپتۇ. تاغ ناھايىتى ئېگىز ئىكەن. بىر تەرىپى چەكسىز توقايلىق ئىكەن.

تاغنىڭ بىر چېتىدىن بىر چىرايلىق كېيىك چىقىپ قاپتۇ. مېھرىنىگار يىگىتلەرگە قاراپ: «ئاۋۇ كېيىكنى قورشاڭلار، ئۇنى تىرىك تۇتىمىز. كېيىك كىمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتسە، شۇ ئادەمنى جازالايمەن» دەپتۇ. سەككىز يۈز يىگىت يوپۇرۇلۇپ كېلىپ تەرەپ - تەرەپتىن كېيىككە سالما تاشلاپتۇ. كېيىك چاققانلىق بىلەن قېچىپ مەلىكىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. مەلىكە ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ ۋە يېقىن كېلىپ ئوق ئۇزۇپتىكەن، ئوقى تەگمەپتۇ. مەلىكە قوغلاپ كېتىۋاتقاندا تاغنىڭ بىر چېتىدىن بىر يولۋاس پۇشقۇرۇپ چىقىپ، مەلىكىگە ئېتىلىپتۇ. ئات يولۋاستىن ئۈركۈپ ئارقىسىغا داجىغانىكەن، مەلىكە ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. يولۋاس مەلىكىگە ئىككى قەدەمچە قالغاندا، يېقىندا تۇرغان بىر چوپان تاش بىلەن يولۋاسنىڭ ماڭلىيىغا ئۇرۇپتۇ. يولۋاسنىڭ بېشى تارس قىلىپ يېرىلىپ يىقىلىپتۇ. چوپان يۈگۈرۈپ كېلىپ، مەلىكىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپتۇ. مەلىكە ئىزا تارتىپ ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ.

شۇ چاغدا سەككىز يۈز يىگىت يېتىپ كەپتۇ. مەلىكىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. چوپان بىچارە نېمە قىلارىنى بىلمەپتۇ. مەلىكە دەرھال ئېتىغا مىنىپ، قولىدىكى ئۈزۈكنى چوپانغا بېرىپتۇ.

مەلىكە ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن بىرقانچە ۋاقىتقىچە ئوۋغا چىقماپتۇ.

ئەمدى گەپنى چوپاندىن ئاڭلاڭ:

بىچارە چوپان مەلىكىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ئۆيىگە غەمكىن ھالدا تەستە قايتىپ كەپتۇ - دە، قاتتىق كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. چوپان تاغ خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پەرزەنتى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى - لەقىمى مۇقەببەل تاش ئاتار ئىكەن. مۇقەببەلنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېسەل بولۇپ قالغىنىغا تاغ خەلقى ھەيران بولۇشۇپتۇ.

مۇقەببەل تاغ خەلقىنىڭ پادىسىنى بېقىپ، ئۇنى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ساقلايدىكەن. چوپان ھەرقانداق يىرتقۇچ ھايۋاننىمۇ بىر تاش بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىۋېتەلەيدىكەن. يىرتقۇچلار مۇقەببەلدىن قورقۇپ، تاغ خەلقىنىڭ يېنىغا، بېقىلىۋاتقان پادىلارغا يېقىن كېلەلمەيدىكەن. مۇقەببەل كېسەل بولغاندىن كېيىن، يىرتقۇچلار

تاغ خەلقىنىڭ مال - جېنىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلاپتۇ.

مۇقبىل تاش ئاتارنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتىسى بىلەن ئانىسى بار ئىكەن. ئۇلار مۇقبىلنىڭ كېسىلىگە ئىچى ئاغرىپ يىغلىشىدىكەن. تاغ خەلقلىرى ھەر كۈنى مۇقبىلنى كۆرگىلى كېلىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر دانىشمەن بوۋاي بار ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى مۇقبىلدىن سوراپتۇ:

— ئوغلۇم، سېنىڭ كېسىلىڭ ئۇنداق - بۇنداق كېسەل ئەمەس. ئىشق كېسىلى بولسا كېرەك. راستىڭنى ئېيتقىن، بالام، بۇ دەرد ساڭا نەدىن كەلدى؟ كىمگە ئاشىق بولۇپ قالدىڭ؟

چوپان يىگىت كۆز يېشى قىلىپ:

— ئەي ئاتا، نېمىسىنى سورايسىز. مېنىڭ دەردىم تۈزەلمەيدىغان دەردكە ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

شۇندا بوۋاي يەنە:

— جان بالام، يۈرىكىڭدىكى دەرد - ھەسرىتىڭنى ئېيتقىن، ئەگەر سەن ياخشى كۆرگەن قىز ئاسماندىكى ئاي بولسىمۇ ئېلىپ بېرىمىز، — دەپتۇ.

چوپان مەلىكىنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈزۈك بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

بوۋاي يىگىتنىڭ دەردى ئىشقتىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇ سىرنى تاغ خەلقىگە ئېيتىپ:

— بىزنىڭ مۇقبىل تاش ئاتارىمىز پادىشاھنىڭ قىزى مېھرىنىگارغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئەمدى بۇنىڭغا بىر ئىلاج قىلمىساق بولمايدۇ. بولمىسا مۇقبىلنىڭ دەردى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

تاغ خەلقى ئويلىشىپ كۆرۈپ:

— پادىشاھ قىزىنى مۇقبىلغا بەرمەيدۇ، — دېيىشىپتۇ. لېكىن، ئۇلاردىن بىرى:

— شۇنداق بولسىمۇ، ئادەم ئەۋەتىپ كۆرەيلى، بەرسە بېرەر، بەرمىسە باشقا بىرەر چارە ئىزدەپ باقامدۇق، مۇقبىلنى يا مەقسىتىگە يەتكۈزەرمىز، يا بولمىسا پادىشاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرارمىز، — دەپتۇ.

دانىشمەن بوۋاي بىرنەچچە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ پادىشاھ قىزىغا ئەلچى بولۇپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا قاراپ:

— خوش، نېمە ئەرز بىلەن كەلدىڭلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

دانىشمەن بوۋاي ھەممە ۋەقەنى بىر - بىرلەپ بايان قىلغاندىن كېيىن:

— شاھىم، بىز سىزگە ئەلچىلىككە كەلدۇق، — دەپتۇ. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ھەي نادانلار، مېنىڭ قىزىمغا ئەلچى بولۇپ كەلدىڭلەرمۇ؟ بۇ مەن ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ؟ مېنى مازاق قىلىۋاتامسىلەر نېمە؟ — دەپ ئەلچىلەرنى زىندانغا تاشلاپتۇ. كېيىن لەشكەرلىرىگە قاراپ:

— ھەممىڭلەر بېرىپ بۇ سەھرالىقلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ، مۇقبىلنى تىرىك تۇتۇپ كېلىڭلەر ! — دەپتۇ.

لەشكەرلەر تاغ خەلقىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئاچ بۆرىلەردەك تالاپ، كۆپ جەبىر - زۇلۇم سېلىشىپتۇ.

مۇقبىلنىڭ ئاتىسى ھەممە ۋەقەنى ئوغلىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا مۇقبىل:

— مېنى دەپ بىچارە خەلقىم مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىمۇ، — دەپتۇ - دە، پالاخمانىنى يەلكىسىگە ئېسىپ، جەڭ بولۇۋاتقان جايغا ئات چاپتۇرۇپ كەپتۇ. بېرىپ قارىسا، پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى تېخىچە خەلقنى بۇلاپ - تالاپ ئۇرۇپ ئازابلاۋاتقۇدەك. مۇقبىل دەرھال ئۇلارغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. لەشكەرلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنى قىرىپ تاشلاپتۇ. قالغانلىرى ئوردىغا قاراپ قېچىشىپتۇ ۋە بېرىپ پادىشاھقا داد ئېيتىشىپ:

— ئەي، شاھى ئەلەم، مۇقبىل تاش ئاتار ناھايىتى زور يىگىت ئىكەن. ھەرقانداق ئادەمنى بىر مۇشت بىلەن تىن تارتقۇزماي ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. بىرمۇنچە لەشكەرلەر ئۆلدى. بىز دەرگاھىڭىزغا ئاران قېچىپ كېلىۋالدۇق، — دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ جان ئاچچىقىدا پۈتۈن لەشكەرلىرىنى يىغىپ، ئۆزى باش بولۇپ جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. مۇقبىل يىراقتىن تۇرۇپ تاش بىلەن

لەشكەرلەرنىڭ كاللىسىنى يانجىۋېرىپتۇ.

پادىشاھ مۇقبىلغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

— ھەي، پالۋان يىگىت! قىزىمنى ساڭا بېرىشكە مەن رازى، لېكىن بىر شەرتىم بار: ئىككى قولۇڭدا تۆتتىن سەككىز يولۋاسنى يېتىلەپ كېلىسەن. ئەگەر شۇ شەرتىمنى بەجا كەلتۈرسەڭ، قىزىم سېنىڭكى، — دەپتۇ.

مۇقبىل بۇ شەرتنى قوبۇل قىپتۇ. ئەمما، پادىشاھتىن زىنداندا ياتقان كەمبەغەل بىچارىلەرنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ مۇقبىلدىن قورقۇپ زىنداندىكىلەرنى نائىلاج قويۇپ بېرىپتۇ.

مۇقبىل تاغ خەلقىدىن رازىلىق ئېلىپ، ئۆزى يالغۇز يولۋاس ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ماڭا - ماڭا بىر توقايزارغا يېتىپ كەپتۇ. قومۇشلۇقتا ئۇخلاۋاتقان بىر يولۋاسنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي بېرىپلا ئۇنى بوغۇپتۇ. يولۋاس ئورنىدىن تۇرۇپ مۇقبىل بىلەن ئېلىشىپ كېتىپتۇ. مۇقبىل يولۋاسنى گېلىدىن چىڭ بوغۇۋېلىپ، مۇشۇك بالىسىدەك قولىدا ئوينىتىپ، بىر - ئىككى مەرتە يەرگە ئۇرۇپتۇ. يولۋاس گاڭگىراپ قالغاندىن كېيىن، تومشۇقىغا بىھوش قىلىدىغان دورا تۇتۇپ ئۇنى ھوشسىزلاندۇرۇپتۇ. بۇرنىدىن تۆشۈك ئېچىپ يوغان زەنجىر بىلەن دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يولدا يەنە بىر يولۋاسقا دۇچ كەپتۇ. ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئېلىشىپ يېڭىپتۇ. ئۇنىمۇ زەنجىر بىلەن بىر يوغان دەرەخكە باغلاپتۇ. شۇ يوسۇندا سەككىز يولۋاسنى تۇتۇپ باغلاپتۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر جايغا يىغىپ، بىر - بىرلەپ ھوشىغا كەلتۈرۈپ، ئارقا - ئارقىدىن تېپىكلەپ قورقۇتۇپ قويۇپتۇ. يولۋاسلار قورققىنىدىن باشلىرىنى ئېگىپ دىر - دىر تىترىشىدىكەن. مۇقبىل سەككىز يولۋاسنى يېتەكلەپ يولغا چىقىپتۇ. يەتتىنچى كۈنى كەچقۇرۇن قىشلاققا يېتىپ كەپتۇ. مۇقبىلنىڭ ئولجا بىلەن ئامان - ئېسەن كەلگەنلىكىنى كۆرگەن قىشلاق ئەھلى ناھايىتى سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ.

مۇقبىل ئەتىسى بىر قولىدا تۆتتىن سەككىز يولۋاسنى يېتىلەپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كەپتۇ.

«مۇقبىل تاش ئاتار شەرتنى بېجىرىپ، سەككىز يولۋاسنى يېتىلەپ كېلىۋېتىپتۇ» دەپ ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىگە ئەندىشە چۈشۈپتۇ. ئادەملەر ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقا باشلاپتۇ. ياساۋۇللار بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھنى ۋەھىمە بېسىپ: «مەن ئۇنى ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئەپسۇس، تىرىك قايتىپ كەپتۇ» دەپ بىرقانچە لەشكەر بىلەن مۇقبىلنى كۈتۈۋالغىلى چىقىپتۇ ۋە نائىلاج مۇنداق دەپتۇ:

— بەللى ئوغلۇم، بەللى! شەرتىمنى بېجىرىپسەن. ئەمدى قولۇڭدىكى يولۋاسلارنى تاغقا ئاپىرىپ شۇ يەردە تېرىلىرىنى شىلغىن. بۇ ئىشنى تۈگىتىپ كەلگەندىن كېيىن ساڭا قويىدىغان يەنە بىر شەرتىم بار. بۇ شەرتىم شۇكى، ھاتەم تاينىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كەلگىن. ئۇنىڭ بىر ياخشى تېپى بار، شۇنىمۇ ئېلىپ كەلگىن. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ساڭا قىزىمنى بېرىمەن.

شاھنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقى مۇقبىل تاش ئاتارغا ياقماپتۇ. بىراق، بىرئاز ئويلىنىپ: «بەلكى ھاتەم قاراقچى، خەلققە زۇلۇم سالغۇچى كىشىدۇر. بولمىسا ئۇنىڭ بېشى پادىشاھقا نېمىشقا كېرەك بولىدۇ. خوپ، مەيلى، شۇنداق ئىكەن، ئىككىنچى شەرتنىمۇ ئورۇنداي، شۇ يەردىكى خەلق جەبىر - زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ قالار» دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇقبىل قىشلاقتىكى يارۇبۇرادەرلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ھاتەم تاينىڭ بېشى بىلەن تېپىنى ئېلىپ كېلىشكە يۈرۈپ كېتىپتۇ. مۇقبىل بىر قەلەندەر شەكلىگە كىرىپ سەپەرگە چىقىپتۇ. تۆت ئاي دېگەندە ھاتەم تاينىڭ شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ. «شۇ كېچە بىرەر جايدا قوناي» دەپ ئويلاپ كېتىۋاتقانىكەن، كاتتا ئىمارەت بويىدا قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەمنىڭ ئېتىنى يۇيۇۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. مۇقبىل ئۇنىڭدىن:

— ھاتەمتاي شەھەردىمۇ يا بىرەر ياققا كەتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئات ئىگىسى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھاتەمتاي شەھەردە، يول بولسۇن، يىگىت. مۇساپىرغا ئوخشايسەن، بۈگۈن بىزنىڭكىدە مېھمان بولغىن، ھاتەمتاينىڭ ئالدىغا ئەتىگىچە بارارسەن.

مۇقبىل ئۆزىچە: «ئويلىغىنىمدەك ئىش بولدى» دەپ خۇشال بولۇپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۆي ئىگىسى مۇقبىلنى ياخشى مېھمان قىپتۇ. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئۆي ئىگىسى مۇقبىلدىن سوراپتۇ:

— ياخشى يىگىت، ھاتەمتايدا نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟

— ھە، زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى. سەن ئۇنى تونۇمسەن؟ قانداقراق ئادەم؟

— ھە، ھاتەمنى تونۇيمەن. ئۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ باشلىقى بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ باشقا شاھلارغا ئوخشاش تەختتە ئولتۇرمايدۇ. پېقىرلاردەك خەلق ئارىسىدا يۈرىدۇ. ئۇ كىشىدە نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ ئۆي ئىگىسى. شۇندا مۇقبىل ناھايىتى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ جىمىپ كېتىپتۇ ۋە ئۆزىچە: «ھاتەمتاي خەلق ئارىسىدا يۈرسە، يوقىرىغا يامانلىق قىلمىسا، يامان ئادەم ئەمەس ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلاپتۇ ھەم مۇنداق دەپتۇ:

— مەن بەكمۇ ھەيران بولۇۋاتىمەن. يۇرتىمىز پادشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن ھاتەمنىڭ كاللىسىنى ئالغىلى كەلگەنىدىم. گېپىڭگە قارىغاندا، ھاتەم ناھايىتى باھادىر يىگىتتەك قىلىدۇ.

ئۆي ئىگىسى مۇقبىلدىن:

— ھاتەم ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھاتەمغۇ ماڭا ھېچ يامانلىق قىلمىغان، — دەپتۇ مۇقبىل ھەمدە ھاتەمنى نېمىشقا ئۆلتۈرگىلى كەلگەنلىكىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— سەن بۈگۈن ئاخشام ئوبدانراق دەم ئالغىن، — دەپتۇ ساھىبخانا، — ئەتە سېنى ھاتەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراي.

مۇقبىل ساھىبخانىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ. ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن مۇقبىل:

— قېنى، ھاتەمنىڭ ئۆيىنى ماڭا كۆرسىتىپ قويغىن، — دەپتۇ.

ساھىبخانا:

— ھاتەم دېگەن مانا مەن بولىمەن. پادشاھ دېگەن ئاتنى، بىساتىمدا باشقا نەرسە بولمىغاچقا، ئاخشام سويۇپ، ساڭا تاماق قىلىپ بەردىم. سەن ئاشىق يىگىت ئىكەنسەن، سەن ئۈچۈن بىر باش ئەمەس، مىڭ باشنى قۇربان قىلسام ئەرزىيدۇ، — دەپ، مۇقبىلنىڭ ئالدىغا تىز چۆكۈپ، بېشىنى تۇتۇپتۇ. مۇقبىل ھاتەمنىڭ مەردلىكىنى كۆرۈپ، يىغلىۋېتىپتۇ ھەمدە مۇنداق دەپتۇ:

— ياق، سىزنىڭ بېشىڭىزنى كېسىدىغان قولۇم قۇرۇپ كەتسۇن! پادشاھ قىزىنى بەرمىسە بەرمىسۇن، مەن سىزدەك سېخىي جانىڭ قۇربانى بولاي!

ھاتەمنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن، ئۇ ئاتىسىغا قاراپ دەپتۇ:

— مېھمان توغرا دەيدۇ. بەربىر سەن بېشىڭنى بەرگىنىڭ بىلەن پادشاھ: «بۇ باش ھاتەمنىڭ ئەمەس» دېيىشتىن ۋە ئۈچىنچى شەرتنى كۆتۈرۈپ چىقىشتىن يانمايدۇ.

ئاندىن مۇقبىلغا قاراپ:

— ئاتام سىز بىلەن بىللە بارسۇن، ئەگەر ئاتامنىڭ بېشى بىلەن سىزدەك موھتاج كىشىنىڭ ھاجىتى چىقىدىغان بولسا، مەن مىڭ مەرتىۋە رازى، — دەپتۇ.

ھاتەم ئوغلىنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ شۇنداق دەپتۇ:

— مەن «بىرەر موھتاج ئادەم ھەتتا بېشىمنى سوراپ كەلسىمۇ ئايىمايمەن» دەپ ئەھدە قىلغانىدىم. ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم.

مۇقبىل نېمە قىلارىنى بىلمەي نائىلاج ھاتەم بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىرقانچە كۈندىن كېيىن بۇخارا شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. مۇقبىل ھاتەمنى سىرتتا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى شاھ

ئوردىسىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ مۇقبىلنى كۆرۈشى بىلەن دەرھال:

— قېنى، ھاتەمنىڭ بېشى بىلەن ئاتنى ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھاتەم سېخىي يىگىت ئىكەن، بىلمەستىن مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇپ قاپتىمەن. بىساتىدا باشقا نەرسىسى بولمىغاچقا، ئېتىنى سويۇپ ماڭا ئوخشاش بىر مۇساپىرنى مېھمان قىلدى. مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلىپ، بېشىنى قىلىچقا تۇتۇپ بەردى. لېكىن، مەن بۇنداق مەرد، سېخىي كىشىنىڭ بېشىنى ئەمەس، ئۆزىنى تىرىك پېتى ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ:

— قېنى، ھاتەمنىڭ ئۆزى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

مۇقبىل پادىشاھتىن ھاتەمنى باشلاپ كىرىشكە ئىجازەت سوراپتۇ.

پادىشاھ باش لىڭشىتىپ، ئىجازەت بېرىپتۇ. مۇقبىل ھاتەمنى پادىشاھنىڭ ئۇدۇلىغا ئەكەپتۇ. ھاتەم پادىشاھقا سالام بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، بەدىنىنى تىترەك بېسىپتۇ. كېيىن ھاتەم پادىشاھقا قاراپ:

— سىز سورىغان ھاتەم مەن بولىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ مۇقبىلغا قاراپ:

— مەن ساڭا «ھاتەمنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەل» دېگەنىدىم. سەن ئۇنى تىرىك پېتى ئېلىپ كەپسەن، — دېگەنىكەن، ھاتەم:

— مەن ئۆز يۇرتۇمدا بۇ يىگىتكە بېشىمنى تارتۇق قىلغانىدىم، ئۇنىمىدى. ئائىلاج ئۆزۈم بىللە كەلدىم. مانا، مەرھەمەت، كاللامنى ئېلىڭ، شۇ بىچارىنى مۇرادىغا يەتكۈزۈڭ، — دەپتۇ.

پادىشاھ ھاتەمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. جاللات ھاتەمنى ئېلىپ كېتىۋاتقاندا مۇقبىل چىداپ تۇرالماپتۇ ـ دە، جاللاتنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ، يۈزىنى تەتۈر قىلىپ قويۇپتۇ. كېيىن پادىشاھقا غەزەپ بىلەن:

— سەن قانداق نامەرد نېمىسەن؟ ! شۇنداق بىگۇناھ، مەرد، ئالىيجاناب يىگىتنى ئۆلتۈرىدىغان بولساڭ، قىزىڭنى بەرمىسەڭ بەرمە ! ئەگەر خىيالىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش بولسا ھاتەمنىڭ ئورنىغا مېنى ئۆلتۈر ! — دەپتۇ. پادىشاھ غەزەپتىن بوغۇلۇپتۇ ۋە مۇقبىلغا قاراپ:

— ئۆلتۈرسەم سەندىن قورقىمەنمۇ ! — دەپ، جاللاتنى چاقىرىپتۇ، مۇقبىلنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ.

شۇ پەيتتە ئېچكىرىدىن مېھرىنىگار يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۆزىنى مۇقبىلغا تاشلاپتۇ. پادىشاھ غەزەپ بىلەن:

— ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ! — دەپ پەرمان قىپتۇ. شۇندا ھاتەم:

— ئەي، خائىن پادىشاھ، سەندە رەھىم ـ شەپقەتتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىكەن. ھەرقانداق يىرتقۇچ ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئىكەنسەن ! — دەپ يۈگۈرگەن پېتى پادىشاھقا ھۇجۇم قىپتۇ. بۇنىڭغا قارشى پادىشاھ قىلىچىنى كۆتۈرگەنىكەن، ھاتەم پادىشاھنىڭ قىلىچ تۇتقان قولىنى چىڭ سىقىمداپ تۇتۇپ، يۈزىگە بىر تەستەك سېلىپتۇ.

پادىشاھ تەختتىن ئاغدۇرۇلۇپ چۈشۈپتۇ. ھاتەم مۇقبىلغا قاراپ:

— يىگىت، تەختكە چىقىڭ ! — دەپتۇ. خەلق زالىم پادىشاھنى ئامان قىلماي، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. مۇقبىل ئەل ـ يۇرتنى سوراپتۇ. ئاندىن ھاتەم ئۆزى باش بولۇپ، مېھرىنىگارنى توي ـ تاماشىلار بىلەن مۇقبىلغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئەل ـ خەلق تىنچ ۋە پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، مۇقبىل تاش ئاتار بىلەن مېھرىنىگار مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان كادىر)

(ئېيتىپ بەرگۈچى ئاتۇش ناھىيە ئازاق يېزا تىجەن كەنتىدىكى ئابدۇجېلىل ئىمىن ھاجى)



# ياماقچى ئۇستام

(چۆچەك)

توپلاپ رەتلىگۈچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ماچىن دېگەن شەھەردە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھ ئوردا ئىشلىرىدىن زېرىكىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان بىر پەيتتە، ئۇنىڭ خىيالىغا پۇقراچە ياسىنىپ ئەل ئارىسىغا كىرىپ كۆرۈش ئىستىكى تۇغۇلۇپتۇ. بىر كۈنى كېچىسى «شەھەرنى بىر كۆزىتىپ كىرەي» دەپ سىرتقا چىقسا، شەھەر ئىچى تىپتىنچ، ھەممە كىشى ئۇيقۇغا پاتقان، پەقەت بىر ئۆيدىنلا چىراغ نۇرى يورۇپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ يېقىن بېرىپ قارىسا بىر ئادەم ساتار چېلىپ ئولتۇرغان. ئۆي ئىچىدە ھېچبىر ئۆي سەرەمجانلىرىنىڭ تايىنى يوق. پادىشاھ ئۇ كىشىنىڭ ناھايىتى غەمسىز ھالەتتە ساز چېلىپ ئولتۇرغىنىدىن ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ئەي ئۇستام، سىلىدە ساتار چالىدىغان ھۈنەرلا بارمۇ ياكى باشقا ھۈنەرمۇ بارمۇ؟

— مېنىڭ ياماقچىلىق قىلىدىغان ھۈنىرىم بار. كۈنىگە ئۈچ پۇلغا ئىشلەيمەن، بىر پۇلغا ئوتۇن، بىر پۇلغا ياغ، بىر پۇلغا نان ئالىمەن. مۇشۇنداق قىلىپ كۈنۈمنى ئۆتكۈزىمەن تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ياماقچى.

— ناۋادا ئەتە پادىشاھلىقتىن «ياماقچىلىق قىلمايسەن» دېسە قانداقمۇ قىلارلا؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ بۇ كىشىنى سىنىماق بولۇپ.

— مېنىڭ ياماقچىلىقىم بىلەن پادىشاھنىڭ نېمە ئىشى بولار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ياماقچى ئەندىكمىگەندەك.

پادىشاھ ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن ئوردا جاكارچىسىغا «ئەتە بىر كۈن ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئاياغ ياماتتىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

راست دېگەندەكلا ھېچكىم ئاياغ ياماتقىلى كەلمەپتۇ. ياماقچىنىڭ ئىچى پۇشۇپ نېمە قىلارىنى بىلەمەي تۇرغاندا بىر كىشى:

— نېمىگە ئىچىڭلار پۇشۇپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياماقچىلىق قىلىپ پۇل تاپاتتىم، بۈگۈن پادىشاھلىقتىن توساپتۇ. بۇ ئىشنى قىلغىلى قويمىسا ئەمدى نېمىمۇ قىلارمەن، — دەپتۇ.

— بىزنىڭ ئۆيدە ئىككى دانە بىكار چېلەك بار، سۇ توشۇپ جېنىڭلىنى جان ئېتىڭلا، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

شۇنداق قىلىپ ياماقچى ئىككى چېلەكنى ئەپكەشكە ئېلىپ، ناۋايخانا، ئاشخانىلارغا سۇ توشۇشقا باشلاپتۇ. يېرىم كۈندىلا سەككىز پۇلغا ئىشلەپتۇ. ياماقچى كۆڭلىدە «بۇمۇ بولىدىغان ھۈنەركەن. ياماقچىلىق قىلىپ ئۈچ پۇلغا ئىشلەيتتىم، مانا ئەمدى سۇ توشۇپ سەككىز پۇلغا ئىشلەپتىمەن» دەپتۇ ئۆز - ئۆزىگە مەمنۇنلۇق بىلەن ھەمدە قولىدىكى ئىككى پۇلغا ئوتۇن، بىر پۇلغا ياغ، قالغان بەش پۇلغا كاۋاپ، نان، گۆش، مانتا دېگەندەك بازاردىكى ياخشى نازۇنېمەتلەرنى ئېلىپ قورسىقىنى ئوبدان توقلاپ ساتارىنى شوخ كۈيلەرگە چېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

پادىشاھ بۈگۈن كېچىمۇ سىرتقا چىقىپتۇ. قارىسا يەنىلا شۇ بىر ئۆيدە چىراغ يېنىقلىق. ئىچىگە كىرىپ قارىسا ياماقچى ئۇستام يەنىلا ساتارىنى چېلىپ ئولتۇرغان. ئۆينىڭ ئىچىدىن گۆش، ياغنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرغان. پادىشاھ

ھەيرانلىق ئىچىدە سوراپتۇ:

— ئۇستام، سىلىدە ساتار چالىدىغان ھۈنەرلا بارمۇ ياكى باشقا ھۈنەرمۇ بارمۇ؟

— مەندە ھۈنەر ئىككى بولدى، كۆرسىلە. بۇرۇن ياماقچىلىق قىلىپ ئۈچ پۇلغا ئىشلەيتتىم، ئۇ ئىشنى پادىشاھ توسۇپتىكەن، بۇگۈن مانا سۇ توشۇپ سەككىز پۇلغا ئىشلەپتىمەن. ئەمدى ھۈنەر ئىككى بولدى، — دەپتۇ.

— ناۋادا بۇگۈن پادىشاھلىقتىن سۇ ئەكىرىشنى توسۇسا، قانداق قىلالا؟ — دەپتۇ پادىشاھ قىزىقىپ.

— مېنىڭ سۇ توشۇشۇم بىلەن پادىشاھنىڭ نېمە ئىشى بولار؟ — دەپ ئەجەبلىنىپتۇ ياماقچى.

ئەتىسى راست دېگەندەك پادىشاھلىقتىن سۇ سېتىشقا بولمايدىغانلىقى ھەممە ئادەم ئۆزىگە كېرەكلىك سۇنى ئۆزى ئەكىرىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈپتۇ.

ھېلىقى ياماقچى سۇ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسا پادىشاھنىڭ نۆكەرلىرى تۇڭنى ئېلىۋېلىپ، ياماقچىنى بىرنەچچىنى دۇمبالاپتۇ. ياماقچى ئامالسىز ئىچى پۇشۇپ يولنىڭ ياقىسىغا چىقىپ ئولتۇرسا، بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭدىن بولغان ئەھۋالنى سۇرۇشتۇرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— بۇ يەردە بۇنداق ئىچىڭلىنى پۇشۇرۇپ ئولتۇرغۇچە، ئاياغ تەرەپتىكى شالىلىقتىن چۆپ ئېلىپ دەڭنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ساتساڭلا بولمامدۇ؟ — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ. ياماقچى ئۇ كىشىگە «ھەشقاللا» ئېيتىپ شالىلىقتىن چۆپ ئېلىپ كېلىپ دەڭنىڭ ئالدىدا ساتقىلى تۇرۇپتىكەنكى، بىر كۈن ئىچىدىلا ئاتمىش پۇلغا ئىشلەپتۇ. «ۋاي بۇمۇ ناھايىتى ئوبدان ھۈنەركەن» دەپ تاپقان پۇلىغا ئۆيىگە كۆرپىچەك، كىگىز، ياستۇق ئېلىپ، ياخشى غىزالارنى ئالدىغا تىزىپ قويۇپ، يېنى يېتىپ ساتارىنى چېلىشقا باشلاپتۇ.

شۇ كۈنى كەچتە پادىشاھ ياماقچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بۇ ئۆيدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە يەنە سوراپتۇ.

— ئۇستام، سىلىدە ساتار چالىدىغان ھۈنەرلا بارمۇ ياكى باشقا ھۈنەرمۇ بارمۇ؟

— تەقسىر، مەندە ھۈنەر ئەمدى ئۈچ بولدى. ياماقچىلىق قىلىپ ئۈچ پۇلغا ئىشلەيتتىم، ئۇ ئىشنى پادىشاھ توسۇپتىكەن، كېيىن سۇ توشۇپ سەككىز پۇلغا ئىشلىدىم. پادىشاھلىقتىن ئۇنىمۇ توسۇپتىكەن، بۇگۈن مانا چۆپ ئېلىپ سېتىپ ئاتمىش پۇلغا ئىشلەپتىمەن، ھال ـ ئەھۋالىم خېلى ئوبدان، — دەپتۇ.

— ئەگەر ئەتە پادىشاھلىقتىن چۆپ سېتىشنى توسۇسا، قانداق قىلالا؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

«مېنىڭ چۆپ ئېلىپ سېتىشىم بىلەن پادىشاھنىڭ نېمە ئىشىدۇ» دەپ ھەيران بوپتۇ ياماقچى ھەم ساتارىنى چېلىۋېرىپتۇ.

پادىشاھ دەرھال ئوردىغا قايتىپ، پادىشاھلىقتىن «ھەرقانداق بىر كىشى مېلىغا بازاردىن چۆپ سېتىۋېلىپ بېرىشكە بولمايدۇ. ھەربىر ئادەم ئۆز مېلىغا كېرەكلىك چۆپنى ئۆزى ئېلىشى كېرەك» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

ئەتىسى بېشى قاتقان ياماقچى مىڭ پەرياد چېكىپ بىر تېرەككە يۆلىنىپ ئولتۇرسا، بىر كىشى كېلىپ:

— بۇ يەردە مۇكچىيىپ ئولتۇرغۇچە ئوردىغا بېرىپ باقسىلا بولمامدۇ؟ بۇگۈن خانلىق قوغدىغۇچىلىققا ئەسكەر قوبۇل قىلىۋېتىپتۇ. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك پادىشاھلىقتىن بولىدىكەن. بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ بېقىڭ، — دەپتۇ.

ياماقچى ئۇدۇل ئوردا مەشقاۋۇلخانىسىغا كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپتۇ. دېگەندەك ئۇنىڭغا خەزىنىدىن باشتىن ـ ئاياغ بىر قۇر كىيىم، بىر دانە قىلىچ تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ. ھەم كېلىش ۋاقتىنى ئايرىم ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ياماقچى ناھايىتى مەمنۇن بولغان ھالدا ئوردا دەرۋازىسىدىن چىقىپ، بازارغا بېرىپ قىلىچنى ئالتە يۈز پۇلغا سېتىپ ئۆيىگە كېرەكلىك ئۆي سەرەمجانلىرىنى بىر ئالغىلى تۇرۇپتۇكى ئۆيىگە ھەممە دېگۈدەك نەرسە تەل بولۇپتۇ.

شۇ كۈنى كېچىسىمۇ پادىشاھ ئەلياتقۇدىن ئۆتكەندە ئوردا دەرۋازىسىدىن چىقىپتۇ. راست دېگەندەك پەقەت شۇ بىر ئۆيدىلا چىراغ يېنىقلىق تۇرغۇدەك، پادىشاھ ئادىتى بويىچە ئاستا

ياماقچىنىڭ ئۆيىگە كىرسە، ئۆي ئىچى تونۇغۇسىز بولۇپ، ئۆي سەرەمجانلىرى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ھەيرانلىقتا «توۋا! تۆت كۈننىڭ ئالدىدا بۇ ئۆي بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان بىر خارابىلىك ئىدى. بۇ ئادەم بىلەن قېرىشقانچە بۇ ئادەم بېيىپ ئۆيى گۈللىنىپ كەتتىيا» دەپ ئۆز - ئۆزىگە خىتاب قىپتۇ. ھەم:

— ھەي ئۇستام، سىلىدە ساتار چالىدىغان ھۈنەرلا بارمۇ ياكى باشقا ھۈنەرمۇ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ، ئاۋۋالقىدەكلا.

— كۆرسىلە تەقسىر، مەندە ھۈنەر ئەمدى تۆت بولدى. بۈگۈن پادىشاھلىقتىن ئەسكەر قوبۇل قىپتىكەن، خەزىنىدىن بىر قۇر كىيىم، بىردىن قىلىچ بەردى. قارىسام پادىشاھلىقتىن پات سۈرۈشتە قىلمايدىكەن، قىلىچنى ئالتە يۈز پۇلغا سېتىپ ئۆيدىكى بۇ نەرسىلەرنى ئالدىم. بىر كۈن بولسىمۇ ياخشى كۈن كۆرسەم ئۆزۈمگە ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ باشقا گەپ - سۆز قىلماي چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ ئەمر قىلىپ، تۈنۈگۈن ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغانلارنى كۆزدىن كەچۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ياماقچى ئەنسىزلىككە چۈشۈپ «ئەمدى قانداق قىلسام بولار» دەپ بېشى قېتىپ تۇرسا بىر ئادەم يول كۆرسىتىپ:

— ئىچىگىلىنى پۈشۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىككى پۇل بېرىپ خارەتكە ياغاچتىن قىلىچ ياساتقۇزۇپ غىلاپنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئوردىغا كىرىۋېرىڭلا. پادىشاھ شۇنچە كۆپ ئەسكەرنىڭ ئىچىدىن سىلىنىڭ قىلىچىڭىلنى كۆرۈپ يۈرمەس دەپتۇ.

ياماقچى خارەتكە ياغاچتىن قىلىچ ياساتقۇزۇپ، غىلاپنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئوردىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ:

— نۆكەر، تۈرمىدىن جىنايىتى يېنىك بىرەيلەننى ئېلىپ چىق، — دەپ بۇيرۇق قىلغانىكەن، دەرھال بىر جىنايەتچىنى مەيدانغا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپتۇ.

— بۇ گۇناھكارغا ئۆلۈم جازاسى كەلدى. بۈگۈن نەق مەيداندا ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۆلۈم جازاسىنى مەن كۆرسەتكەن يېڭى ئەسكەر ئىجرا قىلىدۇ، — دەپ پەرمان چۈشۈردى - دە، دەلمۇدەل ھېلىقى ياماقچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، — ئۆلۈم جازاسىنى مۇشۇ ئەسكەر ئىجرا قىلىدۇ، — دەپ جاكارلاپتۇ.

ياماقچى «مېنىڭ قىلىچىم ياغاچ قىلىچ تۇرسا، مەن قانداقمۇ بۇ گۇناھكارنىڭ كاللىسىنى چاپالايمەن» دەپ خىيال قىلىپ تۇرسا، پادىشاھ دەرھال ئىجرا قىلىش بۇيرۇقىنى بېرىپتۇ. ياماقچى دەرھال:

— ئى، كەرەملىك پادىشاھ ئالىيلىرى، بۇ كىشىگە زادى ئۆلۈم ھەق بولسا بىر قىلىچ ئۇرىمەن، كاللىسى تېنىدىن جۇدا بولىدۇ. ئەگەر ئۆلۈم ناھەق بولسا كاللىسىنى قىلىچ كېسەلمەيدۇ، — دەپتۇ - دە، قىلىچىنى شارتلا سۇغۇرۇپ ئۇ ئادەمنىڭ كاللىسىنى گاچچىدە چېپىپتۇ. قىلىچتىن پاڭڭىدە ئاۋاز چىقىپتۇ، ئەمما كېسەلمەپتۇ. ياماقچى چاقماق تېزلىكىدە قىلىچنى غىلاپىغا سېلىۋېتىپ:

— ئالىيلىرى، قىلىچىم ئۇنىڭ كاللىسىنى چاپالمىدى. قارىغاندا ئۇنىڭغا ئۆلۈم راستتىنلا ھەق ئەمەسكەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ياماقچىغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپ:

— سېنىڭ قانداق تەلىپىڭ بار؟ — دەپتۇ.

— مېنىڭ ھېچقانداق تەلىپىم يوق، — دەپتۇ ياماقچى.

— مەن بىلىمەن. بۇ گادايىنىڭ قىلىچى ياغاچ، ئەمما ئۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم سۈرۈشتە قىلمىسۇن. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقانچە ئۇ كۈنسېرى بېيىپ كەتتى. مەن ئاخىرى «بەندە قىلۇر توققۇز، تەڭرى قىلۇر ئوتتۇز» دېگەننىڭ خاسىيىتىنى چۈشەندىم، — دەپ سۆزىنى تامام قىپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى خوتەن شەھىرى، جىيا يېزىسىدىن مەھەممەت ئىمىن ئاخۇن)

(توپلاپ رەتلىگۈچى خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

دونیاده ورثه دده ورکه ئنسانلار موبود دونیا

بر هاله تشن بر هاله تکه بوتمه کنه ✿ سن هه

کونکی هه یکشکده هه ق بولسی بوت ✿ هه قلیسی

جه مسیه سکنله بله ن پکر یارمیحلقکنی هسابقا

بلسپ برلکنه بولتو شونی بل ✿ بولابله ن دوستلوق

بوینشقاتشقن ✿ چونکی امانسک بقمی وه

سنسانلارنک امانغانسبه ته ن کوز قاشی هه

دائم یائه ن وقلغنشکده لک بولمایدو ✿ امان هاد

سسلرنک تکیده بسسلپ قالماهه وقته تکه بو یعون

بولغان هادسسله ه نی بسسسر بوجون کوره ش

قلسسن باشتا تاماتوغرا ایولدا قه بیسه بولاوه دا قاملاشو

ـ زلالمه زمخشری. خطات نوزبیت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىراندىكى شەيخ سەئدى مەقبەرىسى


源泉 (布拉克)

بۇلاق

(维 吾 尔 文)　总138期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 138 - سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:艾力·托呼提　副主编: 买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漢尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　定价:7.50元
广告经营许可证号: 6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58_108　باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043